# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志



2008 1

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
25 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 82 ـ سان
**2008 ـ يىللىق**
**1 ـ سان**

**مەسلىھەتچىلەر**
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان ماموت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
پولات ھىمىت

ژۇرنال خەت ساندۇقى:
tezkire@126.com


## مۇندەرىجە


**ھۆججەتلەر**

شىنجاڭنىڭ 2007 ـ يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار ........ 1

**تارىخي ئەسلىمە**

بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى زاھىر ساۋدانوفنى ئەسلەيمەن ........ ماھىنۇر قاسىم 8

ئارالتۆپىنىڭ 40 ـ يىللاردىكى سەنئەت ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ........ ئابدۇسەمەت ئابدۇللا 20

**تارىخ سەھىپىسىدە**

ئىلىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كىنوچىلىق ئىشلىرى توغرىسىدا ........ خەپىز ساتتار سالىھ 23

**ئىلمىي مۇھاكىمە**

ئۆدۈن خانى ۋىيسا سامباۋا(لى شېڭتيەن)نىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ........ بۇئايشەمگۈل ھاجى 27

**مەشھۇر شەخسلەر**

يېتۈك سەنئەتكار، تونۇلغان دارۋاز — ھاشىم ھاجى... مۇھەممەت شاۋۇدۇن ........ 33

**مەدەنىيەت يادىكارلىقى**

ئۇستۇن ئاتۇشتىكى تاشقەھەر خارابىلىكى ........ ئىسرائىل مۇتىللا 46

**سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن**

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن ........ 49


*مۇقاۋىدا: 1937 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى ئەنمىن بازىرى*

*سۈرەتنى شېرىپ خۇشتار تەمىنلىگەن*

# شىنجاڭنىڭ 2007 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار

**1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭلار ئورگاندىكى ئالاقىدار خادىملارنى باشلاپ، پېنسىيىگە چىققان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ھال سورىدى.

**1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى 2006 - يىللىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، تۆت نەپەر پارتگۇرۇپپا ئەزاسى خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىدىيىسىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلدى.

**1 - ئاينىڭ 15~28 - كۈنلىرىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۇي شۇجيې ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە سىستېمىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ، گۇاڭدۇڭ، خەينەن ئۆلكىلىرىگە بېرىپ تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە بۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇردى.

**1 - ئايدا** «پەيزاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى خەن شياۋدې.

**2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** «قاناس تەزكىرىسى»نىڭ ئورىگىناللىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 24 مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۇي شۇجيې سۆز قىلدى. بۇ تەزكىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، قاناس مەنزىرە رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى بىرلىكتە تۈزدى.

**2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** سانجى ئوبلاستى تارىخ - تەزكىرە خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 2005~2006 - يىللىق ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۇي شۇجيې سۆز قىلدى.

**2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى** ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى 2007 - يىللىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، 2006 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە 2007 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

**2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭلار ئورگاندىكى ئالاقىدار خادىملارنى باشلاپ، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سورىدى.

**2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، يىغىندا پارتگۇرۇپپا شۇجىسى سۇي شۇجيې سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى .




**2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە

كومىتېتى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى بىلەن پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى، مەسئۇل رەھبەر بىلەن باشقارما باشلىقلىرى 2007 ـ يىللىق پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى.

**2 ـ ئايدا** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى.باھا تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 570 مىڭ خەت كېلىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتى تارىخ ـ تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 2006 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە 2007 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

**3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى** ئۈرۈمچى شەھىرى پارتىيە تارىخى ـ تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق تارىخ ـ تەزكىرە خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

**3 ـ ئاينىڭ 19~22 ـ كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ تۇرپان شەھىرى، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپا كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . چارۋىچىلىق تەزكىرىسى»نى تۈزۈشكە دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

**3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى** قاراماي شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى؛ 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى.

**3 ـ ئايدا** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 800 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لى لەيشۈن.

**4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى** خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرە خىزمىتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

**4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى** ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئورۇنلار رەھبەرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلار «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، يېڭىلىق يارىتىش، قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش، تىپلارنى تۇرغۇزۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، «كىتاب چىقىرىش، ياراملىقلارنى يېتىشتۈرۈش، تەجرىبە ھاسىل قىلىش، نەزەرىيە تەتقىقات نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»دىن ئىبارەت خىزمەت نىشانىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مول تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ھۆججەت چۈشۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا پرىيوم ـ كارانتىن ئىدارىسى، تاشقى سودا ـ ئىقتىساد ھەمكارلىقى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، خەلق ئاۋئاتسىيىسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستى، قۇمۇل شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسىدىن ئىبارەت 12 ئورۇننى شىنجاڭ بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتكەنىدى.

**4 ـ ئاينىڭ 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ،

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 2001 - يىلدىن بۇيانقى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ۋە كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ليۇ يۈڭ، شتاب باشلىقى چېڭ بىڭلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

قومۇل ۋىلايىتى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋە يىلنامە تۈزۈش بويىچە خادىم تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

**4 - ئاينىڭ 23~28 - كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يىلنامە تۈزۈش نەزەرىيىسى كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىن بولۇپ 89 كىشى قاتناشتى.

**4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە سىستېمىسىدىن تەشكىللەنگەن 20 تەزكىرە خادىمى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەزكىرىچىلىك ئىش ئورنى بويىچە ئېچىلغان 15 كۈنلۈك تەربىيىلەش كۇرسىنى تۈگەتتى. بۇ شىنجاڭدىكى تەزكىرە تايانچلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئېچىلغان تەربىيىلەش كۇرسىغا تۇنجى قېتىم ئەۋەتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** ئۇيغۇرچە «غۇلجا ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش بېكىتكۈچى ئابدۇرۇپ ئېلى.

**5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى گوۋۇيۈەنىنىڭ «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»دە مەخسۇس بەت ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاپپار ھەبىبۇللانىڭ «قانۇن بويىچە تەزكىرە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك، ماس راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى ئېلان قىلىندى. يەنە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

«تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جايلاردا نىزامنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

**5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، 2 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئۆلچەش - سىزىش تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى رەسمىي يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

**5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ سەككىز نازارەت - ئىدارىنىڭ تەزكىرە خادىمىنى ۋە ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار باشقارما خادىملىرىنى باشلاپ، سىچۇەن، خۇبېي، ئەنخۇي، شاڭخەي، جياڭسۇلاردا تەزكىرە خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**5 - ئايدا** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 450 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى مۇ شۈنيىڭ.

**6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** قەشقەر ۋىلايىتى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش كۇرسى ئېچىپ 64 ئادەمنى تەربىيىلىدى.

**6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** تاشقورغان ناھىيىسىدە «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر دىلمۇرات مۇسا ۋە ئالاقىدار رەھبەر، مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ 20 نەچچە كىشى قاتناشتى.

**6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر دىلمۇرات مۇسا قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يوپۇرغا، قاغىلىق،

www.uyghurkitap.com

پوسكام، مەكىت، يېڭىسار ناھىيىلىرىدە شۇنداقلا ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق كەلپىن، ئۇچتۇرپان، باي، شايار، ئونسۇ، كۇچا ناھىيىلىرىدە تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق جايلار تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلىدى. ئوبلاست باشلىقى قىزايجان سالىخوجا يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 86 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسى تولى يېزىسى ۋۇشىچىڭ كەنتىگە بېرىپ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىكىلەر بىلەن پائالىيەت ئۆتكۈزدى، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىلىك كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋۇشىچىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا 600 نەچچە پارچە كىتاب سوۋغا قىلدى.

**6 ـ ئايدا** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى . ئاياللار بىرلەشمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك، باش مۇھەررىرى ليۇ ۋەنجۇن.

«ئالتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»(قازاقچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

**7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 9 ـ قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى .

**7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى. ھۆكۈمەت»نى تارقىتىش ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا مۇراسىمغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى يىغىن ئېچىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى ماسلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان «ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» مەزمۇن قىلىنغان كۆرگەزمىنى كۆردى.

**7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»(1986~2005)نىڭ مۇندەرىجە تېزىسىنى دەلىللەش يىغىنى ئاچتى، مول تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىسىگە ئىگە ئون نەچچە رەھبەر ۋە مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە تۈزىتىش پىكرىنى بەردى.

**8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى** خېنەن ئۆلكىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چيۇگۇېن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭغا كېلىپ تەزكىرە خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى** بېيجىڭ شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ چۈنجۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭغا كېلىپ تەزكىرە خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدا سۆھبەتتە بولدى.

**8 ـ ئاينىڭ 16 ـ ، 17 ـ كۈنلىرى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ ئالاقىدار باشقارمىدىكى يولداشلار بىلەن خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە بېرىپ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەرناملىرى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى ماسلاشتۇردى.

**8 ـ ئاينىڭ 22 ـ ، 23 ـ كۈنلىرى** «ئۈرۈمچى شەھىرى نەنسەن كانچىلىق رايونى تەزكىرىسى»نى باھالاش

يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونىدا ئېچىلدى.

**8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ چيەنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېزىتچىلىك تەزكىرىسى»نى تۈزۈش بويىچە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، «بىڭتۇەن گېزىتى» ئىدارىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى.

**8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى** شەندۇڭ ئۆلكىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ چيۈزېڭ باشچىلىقىدىكى 17 كىشىلىك شەندۇڭ ئۆلكىلىك تارىخ ـ تەزكىرە تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ تەزكىرە خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدا سۆھبەتتە بولدى.

**8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى خې جۇڭدېلار ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا كېلىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مىللەتلەر تەزكىرىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ ۋە ئالاقىدار باشقارمىدىكى يولداشلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

**9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى** شاڭخەي شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شا سىيېڭ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ تەزكىرە خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**9 ـ ئاينىڭ 5~7 ـ كۈنىگىچە** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىككىنچى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش بويىچە 2 ـ قارارلىق كۇرس ئېچىپ، 120دىن كۆپرەك ئادەمنى تەربىيىلىدى.

**9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى** جياڭسۇ ئۆلكىسى ليەنيۈنگاڭ شەھىرى غۇلجا ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىغا 60 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، 2007 ـ يىللىق «غۇلجا ناھىيىسى يىلنامىسى»نى نەشر قىلىش مەبلىغى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ليەنيۈنگاڭ شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇن غۇلجا ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىغا يەنە بىر دانە كومپيۇتېر سوۋغا قىلدى.

**9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇتۇبى ناھىيىسىگە بېرىپ تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى** گۇاڭشى تەزكىرە كومىتېتى ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭغا كېلىپ تەزكىرە خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

**9 ـ ئاينىڭ 24~28 ـ كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەزكىرە سىستېمىسى بويىچە تايانچ كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىن 161 كۇرسانت كۇرسقا قاتناشتى.

**9 ـ ئايدا** شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۇنجى جايلار تەزكىرىسى «قومۇل شەھىرى تەزكىرىسى»(1977~2000) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 2 مىليون 100 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى جاڭ رېنگەن.

شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تاغ ـ دەريا ـ كۆللەر تەزكىرىسى «قاناس تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 260 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى سۈي شيەنلى.

**10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېزىتچىلىك تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى

www.uyghurkitap.com



خادىملىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۇىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ چيەن رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا مۇندەرىجە تېزىسى بىلەن تۈزۈش لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

**10 ـ ئاينىڭ 12~24 ـ كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاۋات، كېرىيە، نىيە، قاراشەھەر ناھىيىلىرىگە بېرىپ، تەزكىرە خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**10 ـ ئاينىڭ 13~20 ـ كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خوشۇت، بۈگۈر، كۇچا، توقسۇ، شايا ناھىيىلىرى ۋە ئارال شەھىرىگە بېرىپ تەزكىرە خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**10 ـ ئاينىڭ 15 ـ ، 16 ـ كۈنلىرى** ئاپتونوم رايونلۇق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرى مۇدىرلىرى خىزمەت يىغىنى ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې بىلەن پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ يىغىنغا قاتناشتى. بىرىنچى نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئىككىنچى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە يېزىقچىلىقى ئومۇمىي پرىنسىپى»(سىناق نۇسخىسى)نى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىنىڭ ئاساسلىق قارالمىسى قىلىندى. سۈي شۇجيې يىغىن باشلانغاندا ۋە ئاخىرلاشقاندا مۇھىم سۆز قىلدى. ۋۇ شىڭدۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە يىغىننى خۇلاسىلىدى.

**10 ـ ئاينىڭ 19 ـ ، 20 ـ كۈنلىرى** «خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى»نى باھالاش يىغىنى خوتەن شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلىپ، «خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى»نىڭ باھالاشقا يوللايدىغان ئورگىنالىنى 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تەييار قىلىشنى، يىل ئاخىرى نەشر قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 70تىن ئارتۇق ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىم باھالاش يىغىنغا قاتناشتى.

**10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە** تۇنجى قارارلىق ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرە ئىشخانىلىرىدىن 88 تەزكىرىچى خادىم كۇرسقا قاتناشتى.

**10 ـ ئايدا** «نىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 70 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرلىرى رۆەن ۋېيجيې، يەن شۆەن.

**11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى** فۇجيەن ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن شىچاۋ فۇجيەن ئۆلكىلىك تەزكىرە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، تەزكىرە خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

**11 ـ ئاينىڭ 5~7 ـ كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ج ك پ 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگەندى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلدى.

**11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى** 2007 ـ يىللىق خەنزۇچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 650 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ۋۇ شىڭدۇ.

**11 ـ ئاينىڭ 20~23 ـ كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا پرىيوم ـ كارانتىن ئىدارىسى ئىككىنچى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى بويىچە كۇرس ئاچتى، كۇرسقا 45 ئادەم قاتناشتى.

**11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى** چارۋىچىلىق نازارىتى ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى.

چارۋىچىلىق تەزكىرىسى»نىڭ مۇندەرىجە تىزىسىنى باھالاش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىۋ شىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى.

**11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تۆت كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا كېلىپ، ئورگاننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

**11 - ئايدا** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى سودا تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ما شۈنجۈن.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 600 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لى ۋېي.

**12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى ج ك پ 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، تۆت يولداش 17 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى تونۇشى ۋە تەسىراتىنى سۆزلىدى.

**12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** ئۇيغۇرچە «باي ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 980 مىڭ خەتلىك، باش بېكىتكۈچى ئابدۇرۇپ ئېلى.

**12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۇنجى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسى «قومۇل شەھىرى تەزكىرىسى»(1977~2000)نى تارقىتىش مۇراسىمى قومۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىۋ شىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى.

**12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي ئورۇن (ش م [2007] 11 - نومۇرلۇق) دېگەن نامنى بەردى.

**12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** ئۇيغۇرچە «ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك، باش بېكىتكۈچى ئابدۇرۇپ ئېلى.

**12 - ئايدا** 2007 - يىللىق ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى دىلمۇرات مۇسا.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھايۋاناتلار تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 200 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى گاۋ شىڭلى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 500 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ياڭ ماۋلىن.

«كۈنەس ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 900 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى گې چاڭ.

«قاراقاش ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لىۋ جىڭمىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى زاھىر ساۋدانوفنى ئەسلەيمەن

ماھىنۇر قاسىم



تۇۋا، كۈنلەر شۇنداقمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ھەش-پەش دېگۈچە مەرھۇم زاھىر ساۋدانوفنىڭ ۋاپاتىغا ئالتە ئاي بولۇپتۇ. بۇ ئالتە ئاي جەريانىدا زاھىر ساۋدانوف توغرىلىق نۇرغۇن خىياللارنى قىلدىم. كۆپ نۇرنى كۆرۈپ، ھايات ياشاۋاتقان ۋاقىتتا ئادەم ھاياتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەن، بولۇپمۇ، ياش ۋاقىتتا ئۆمۈرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارغا دۇچ كېلىپ، خۇشال بولۇپ، قىن-قىنىغا پاتمايدىغان، بەزى ۋاقىتلاردا زەھەردەك ئاچچىق ۋەقەلەرگە يولۇقۇپ، بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىدىغان، بەزىدە سۆيۈنۈپ، ئىسسىقمۇ ئەمەس، بەزىدە سوغۇقمۇ ئەمەس كۈن ئۆتكۈزۈپ ياشايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. مەن بۇلارنى ئويلاپ گېنېرالىمىز زاھىر ساۋدانوف 87 يىللىق ھاياتىدا زادى قانداق ئىدى؟ دېگەن خىياللارنى كۆپ قىلىپ، ئاز بولسىمۇ ھازىرچە ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى يازاي، بۇنى مۇشۇ ماقالىنى ئوقۇغانلار بىلەن ئورتاقلىشاي دېدىم.

زاھىر ساۋدانوف مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچۇم ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدىكى بەش يىلدا ئۇچرىشىش ئانچە كۆپ بولمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، زاھىر ساۋدانوف قىسمىدا، مەن يەرلىكتە خىزمەت ئىشلەپ يۈردۇق. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن كېيىن يەنىلا قەدىناس دوستلار سۈپىتىدە داۋاملىق ئۇچرىشىشلار بولۇپ تۇردى. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق



قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا زاھىر ساۋدانوفمۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ كەلگەندە بىرگە ئىشلەشكە توغرا كەلدى. شۇ جەرياندا زاھىر ساۋدانوفنىڭ ھەربىيلەرگە خاس خىسلىتى، كوممۇنىستلارغا خاس ئادىللىقى، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئىنتىزامچانلىقى، كىشىلەرگە مېھرىبانلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

زاھىر ساۋدانوف 1920 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ توپىدەك مەھەللىسىدە تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋاقتىدىكى ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، مەكتەپ تەربىيىسىگە كىرىپ، ياخشى ئوقۇپ، ئۆزى باشقىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مائارىپ ساھەسىگە قەدەم قويۇپ، 1938 - يىللىرى غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ «ياردەم» مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. مەن دەل شۇ 1938 - يىلى «ياردەم» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەنىدىم. مەن 2 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا زاھىر مۇئەللىم ھېسابتىن دەرس بېرەتتى. بىز مۇئەللىمنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئىشلەپ ماڭاتتۇق. ئۇ بىزنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىغىۋالغاندا قايسىمىزنىڭ دەپتىرى مەينەت بولسا ياكى ئۆچۈرۈلگەن يەرلەر بولسا، بىزنى قاتتىق تەنقىد قىلاتتى. تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلىگەنلىرىمىزنى ماختاپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ ئوقۇغۇچىدىن ئۆگىنىشنى تەكىتلەپ تۇراتتى. بىز زاھىر مۇئەللىمنىڭ بىزگە دەرس ئۆتۈشىنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىرى، چۈشەندۈرۈشى ياخشى، ئاددىي تىل بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. يەنە بىرى، پاكىزلىق ھەققىدە كۆپ سۆزلەيتتى. گەرچە ئۇ تازىلىق ئوقۇتقۇچىسى بولمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن بالىلارنىڭ تىرناقلىرىنى تەكشۈرۈپ، تىرنىقى ئۆسۈپ كەتكەنلىرى بولسا، ئۆزى ئېلىپ قوياتتى. بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغان: بىر ساۋاقدىشىمىز ئاخشىمى ئۆيىدە دەرس تەكرارلاۋاتقاندا، قارا چىراغنىڭ پىلىكىدىن ئوت چۈشۈپ كېتىپ ئۇنىڭ دەپتىرىنىڭ بىر بۇرجىكى كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ساۋاقدىشىمىز قورقۇپ كېتىپ، كېچىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقىپتۇ. دادىسىنىڭ باشقا دەپتەر ئېلىپ بېرىشكە پۇلى بولمىغاچقا، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەتە زاھىر مۇئەللىم بالىمىزنى تىللاپ، مەكتەپتىن چىقىرىۋېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشىپ كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئەتىسى ساۋاقدىشىمىز بۇ ئىشنى بىزگە سۆزلەپ تۇرۇشىغا زاھىر مۇئەللىم دەرسكە كىرىپ كەلدى. ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى پوك - پوك، ساۋاقدىشىمىزنى سىنىپتىن چىقىرىۋېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرساق، مۇئەللىم ھەممىمىزنىڭ دەپتەرلىرىنى يىغىۋېلىپ، بىر بۇرجىكى كۆيۈپ كەتكەن دەپتەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ساۋاقدىشىمىزنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ساۋاقدىشىمىز ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي غەمدە تاڭ ئاتقۇزغانلىقىنى دەپ يىغلاپ كەتتى. زاھىر مۇئەللىم ساۋاقدىشىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، يىغلىماسلىققا دەۋەت قىلدى. ئۇ ساۋاقدىشىمىزنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ: «بۇنىڭدىن كېيىن چىراغنى دەپتەردىن سەل يىراقراق قويۇڭ» دەپ يېنىدىن بىر دەپتەرگە

www.uyghurkitap.com

چوشلۇق پۇل چىقىرىپ: «بۇنىڭغا يېڭى دەپتەر ئېلىپ، ھېسابنى كۆچۈرۈپ قويۇڭ، دەپتەرنى پاكىز تۇتۇڭ، دادىڭىزمۇ، ئاپىڭىزمۇ غەم قىلمىسۇن، سىز ياخشى ئوقۇغۇچى، تىرىشىپ ئوقۇپ، ياراملىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىڭ» دېگەندە، ھەممىمىز خۇشال بولۇپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتكەنىدۇق. ساۋاقداشلىرىمىزمۇ خۇش بولۇپ، «چوقۇم شۇنداق قىلىمەن» دېگەنىدى.

زاھىر مۇئەللىم سەنئەت خۇمار ئادەم ئىدى، ئۇ شۇ چاغدا مەكتەپتە ماندالىن چالاتتى. ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناتتى. ئۆزىمۇ ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ «كاپپاك» دېگەن ئاياغ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنى بىزگىمۇ ئۆگەتتى. قاچان ئۆگەنگەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىراق، رۇس تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى. بەزىدە بىزگىمۇ گوركىينىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە بىزگە «سىلەر چەت ئەل تىلى بىلمىسەڭلار بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەي بولمايدۇ» دەپ تەلىم بېرەتتى.

## ھەربىي سەپكە قاتنىشىش جەريانىدىكى بىلگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم

1944 ـ يىلى كۈزدە گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلەرچە زۇلۇمىغا، فېئوداللىقنىڭ ئېغىر يۈكلىرىگە چىدىمىغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قوزغالدى. تارىختا بۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىنقىلابقا «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ باھا بەرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن جۇڭگو تارىخىدىكى مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىنقىلابقا زاھىر ساۋدانوف قانداق قاتناشقان؟ بۇ توغرىدا شۇ ۋاقىتتىكى مەن ئاڭلىغان ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

مەن تويى قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئەخمەتجان مېنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىمنى، مۇئەللىملىرىمنى سوراپ قالدى. مەن بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۇنىڭغا: «شۇلارنىڭ ئىچىدە زاھىر مۇئەللىم بارئىدى. ئۇ مۇئەللىم 1940 ـ يىللار بولسا كېرەك، بىر كۈنى سىنىپىمىزغا كىرىپ: ‹مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارىمەن، كېيىن ياراملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئوقۇمىسام بولمايدۇ، سىلەرمۇ ياخشى ئوقۇڭلار، كېيىن ياراملىق ئادەم بولىسىلەر، ئېھتىمال كېيىن سىلەر بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمەن، خوش› دەپ چىقىپ كەتتى» دەپ بەرسەم، ئەخمەتجان: «ھە، غېنى مەمەتباقى (غېنى باتۇر) گېپىنى قىلغان بالا شۇ ئوخشايدۇ» دېدى. مەن: «غېنى مەمەتباقى نېمە دېگەن، بىزنىڭ مۇئەللىم ياخشى مۇئەللىم» دېسەم، ئەخمەتجان كۈلۈپ قويغانىدى.

نويابىر قوزغىلىڭى قوزغىلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى رەھبەرلىرىدىن بىرى پاتىخ مۇسلىموفتىن گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويغانىكەن. پاتىخ بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغان. گومىنداڭچىلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، پاتىخنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ

قارادۆڭـدىكى قاماقخانىسىغا قامـاپ قويـۇپ، پـاتىخ ئـۇلارنى قۇتقـۇزغىلى كەلگەنـدە تۇتۇۋالىمىز، دەپ پىلان تۈزۈشكەنىكەن. بۇنى شۇ ۋاقىتتىكى مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات بىلىـپ قىلىـپ، غېنـى مەمەتباقىغـا چوقـۇم پاتىخنىـڭ خوتـۇن ـ بـالىلىرىنى ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، غېنـى بىـرنەچچە پارتىزاننى باشلاپ بىرىـپ، دۈشـمەنگە يوشـۇرۇن زەربە بىرىـپ، پاتىخنىـڭ ئائىلىـسىنى قۇتۇلـدۇرۇپ چىقىـپ، توپادەڭدىكى نىزامىدىن ئاكىنىڭ يەنـى زاھىـر ساۋدانوفنىڭ ئۆيىگە ئېلىـپ بارىـدىكەن. شۇ ۋاقىتدا زاھىـر ساۋدانوف ئائىلىسىنى پاتىخنىـڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى ساقلايدىغان ئۆي قىلىـپ بىكىتىـپ، پاتىخنىـڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى شۇ ئـۆيگە يوشـۇرۇپ قويغـان. غېنـى مەمەتبـاقى قـايتىش ۋاقىتـدا زاھىـر ساۋدانوف غېنىنىـڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ، پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتناشقانىكەن. شـۇنىڭدىن باشـلاپ، زاھىـر ساۋدانوف ھەربىي سەپتە ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ ئورۇنلىرىدا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ كەلگەن.

1945 ـ يىلـى 4 ـ ئاينىـڭ 8 ـ كـۈنى مىللـي ئـارمىيە قۇرۇلـدى. 1945 ـ يىلـى 3 ـ ئاپرېـل ئـۈچ ۋىـلايەت ۋاقىتلىـق ھۆكۈمىتىنىـڭ 254 ـ سانلىق قـارارى بـويىچە غۇلجـا شـەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىـدىكى مەيـدانغا يەنـى ھـازىرقى خەلـق باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا «تۇغ مەيـدانى» دەپ نام بېرىلگەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى شۇ جايدا ئۆتكۈزۈلگەن (بۇ تۇغ مەيدانى ھازىر دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكـارلىق ئـورنى قاتارىغـا كىرگۈزۈلـۈپ ساقلىنىۋاتىدۇ). بۇ كـۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولـۇپ، غۇلجىنىـڭ ئەتىيـازلىق ئىللىـق شـاملى چىقىـپ تـۇراتتى. مىللىـي ئارمىيىنىـڭ جەڭچىلىـرى مـاش رەڭ ھەربىـي فورمـا كىيىـپ، ناھـايىتى روھلـۇق، جـانلىق قىيـاپەت بىـلەن ئۆزلىرىنىـڭ بـايرىمىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتىۋېلىش ئۈچۈن تـۇغ مەيـدانىغا كىرىۋاتقـان ھـالەت پۈتـۈن خەلققە ئۈمىد، شادلىق، خۇشاللىق ئېلىـپ كەلگەنىـدى. مەنمۇ شۇ مەيدانغا رەھبەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تەكلىـپ قىلغـان تەكلىپنـامىنى ئېلىـپ كۆرستىلگەن ئورۇنغا بارغانىدىم.

ھـۇررالار ساداسـى ئىچىـدە ھەربىـي پـارات باشـلاندى، مۇشـۇنداق داغـدۇغا ئىچىـدە ئۆتكـۈزۈلگەن مۇراسـىم ئىچىـدە مەن تونۇيـدىغانلاردىن ئەسكەر بولـۇپ مۇشـۇ پاراتقا قاتناشـقانلار بارمـدۇ، دەپ ئـويلاپ، رەتلىـك تىزىلغـان ئەسـكەرلەرگە سەپـسېلىپ قـاراپ، ئۇلارنىـڭ ئارىـسىدىن زاھىـر مـۇئەللىمنى كـۆرۈپ قېلىـپ، خۇشـاللىقىمدىن «ۋاي مـۇئەللىم» دەپ ۋارقىرىـۋېتىپتىمەن. باشـقىلار ماڭـا قارىـشىپ قويـدى. بەزىـلەر «نېمـانچە ۋارقىرايـسىز؟ ئـۇ كىمتـى؟» دەپ سـورىغانىدى. مەن مـۇئەللىمنى كـۆرۈپ قېلىـپ، خۇشـاللىقىمدىن ھايـاجىنىمنى باسالماي قالغانلىقىمنى سۆزلىدىم. خۇددى زاھىـر مۇئەللىم ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغانـدا ئېيتقانـدەك، ئامـان بولـساق يەنە كۆرۈشـۈپ قـالارمىز، دېـگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى.

1948 ـ يىلـى 7 ـ ئايـدا «شـىنجاڭدا تىنچلىـق ۋە خەلقچىللىقنـى ھىمـايە قىلىـش ئىتتىپـاقى» قۇرۇشـنىڭ تەييـارلىقلىرى پۈتـۈپ، 8 ـ ئاينىـڭ 1 ـ كـۈنى بـۇ تەشـكىلات رەسـمىي قۇرۇلـدى. بېرىلـدىغان دوكـلات، تەشـكىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەنـدە، ئەخمەتجاننىـڭ ئەتراپىـدا بىـر تەكـشۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ رايىنى سىناش ئارقىلىق بۇ قۇرۇلدىغان يېڭى تەشكىلاتنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. ھەربىي جەھەتتىن بولسۇن، يەرلىك تەشكىلىي ئورۇنلارنى قۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشلار بولۇپ، ئەخمەتجان كەڭسايغا بىرىپ مالچىلار بىلەن پاراڭلاشتى، دوكلات تەييارلىدى. شۇنداق مۇھىم پەيتتە زاھىر ساۋدانوف ئىككى جەڭچى بىلەن ئاتلىق تاغ ئارىسىدا چارلاپ يۈرۈپ، بىز تۇرغان جايغا كەپتۇ. مەن: «زاھىر مۇئەللىم كەپتۇ» دېسەم، ئەخمەتجان: «ياخشى بوپتۇ، كىرسۇن» دېدى. ئۇ ئەخمەتجان تۇرغان يەرگە كىلىپ، ھەربىيچە سالام بىرىپ بولۇپ، ئەتراپتىكى ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئەخمەتجان: «ياخشى، يوشۇرۇن دۈشمەننىڭ ئىچىمىزدىن چىقىپ قېلىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانىدى (شۇ ۋاقىتتا زاھىر ساۋدانوف مايور دەرىجىلىك ئوفىتسىر ئىدى).

1949 - يىلى جۇڭگو خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، جۇڭگو ئازاد بولدى، خەلق ھۆرلۈككە ئېرىشتى. شىنجاڭدىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 5 - كورپۇسى بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئازادلىق ئارمىيە تەركىبىگە كىردى. شۇ ۋاقىتتا زاھىر ساۋدانوفنىڭ قوراللىق ئىنقىلاب جەريانىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى ھەم 1950 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. كېيىن ئۇ ۋە ئايالى مەرھۇم روشەن بۇرۇنقى كونىلارنى ئەسلەپ، ھاياجانلانغان ھالدا: «بىز ياشلىق باھارىمىزدا يەنىسەي، جىڭ، شىخو، سۇيدۇڭ، كۈرەلەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن، تەڭرىتاغنى چۆرگىلەپ يۈرگەن كۈنلەر بىكارغا كەتمىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىزنىڭ تۆككەن قان - تەرلىرىمىزنى كۆرۈپ ياخشى باھالىدى. ھازىر تىنچ دەۋرگە كىردۇق، ئەمدى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قاتنىشىپ، ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىز ئۈچۈن شەرەپ ھېسابلىنىدۇ» دېيىشكەنىدى. بولۇپمۇ، ئۇ 1958 - يىلى 12 - ئايدا ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى قوبۇل قىلغاندا «سىز يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولغان. شۇ يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن بىز ئۇنى تەبرىكلەپ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «رەئىس ماۋ زېدۇڭ مېنى تىلغا ئالدى، سىز بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى» دېدى. مۇنداق چوڭ باھا مېنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈردى، بۇنى مەن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، بىرلىكى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمگە چوڭ ئىلھام ۋە مەدەت دەپ بىلدىم» دېگەنىدى. ھەقىقەتەن، بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر گېنېرالى دېگىنىنى قىلدى. بىر ئۆمۈر جەڭچىلەرگە تەلىم بىرىپ، كۆپرەك ئۆگىنىشنى، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يەرلىكتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە يەنى ئىجارە ھەققىنى كىمەيتىش، يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ

سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئېقىمغا قارشى ھەر خىل كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىشلارغا قاتنىشىپ كەلدى. مەسىلەن: 1952 ـ يىلى قەشقەر سەمەندە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشقان ۋاقىتتا سەمەن خەلقى ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا خەت يازىدۇ. رەئىس ماۋ زېدۇڭ سەمەن خەلقىنىڭ زور غەيرەتكە كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ياتقان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، جاۋاب خەت يازىدۇ. بۇ ئىشلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنىڭ بىرى بولۇپ تارىختىن ئورۇن ئالدى. مانا شۇنداق ھاياجانلىق پەيتتە زاھىر ساۋدانوف دەل شۇ سەمەندە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يېزىلغان خەتنىمۇ كۆرگەن. رەئىستىن كەلگەن جاۋاب خەتنىمۇ ئوقۇپ، سەمەن خەلقىنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئورتاقلىشىپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردا داۋاملىق سۆزلەپ، خەلقنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشى ئۈچۈن باشلامچىلىق قىلغان. ئۇ دائىم: «رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقى چەكسىز، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، بۇ يالغۇز سەمەن خەلقىگە بولغان غەمخورلۇق بولماي، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى. بىز ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىشلەپ، مەيلى قوراللىق ئىنقىلاب جەريانىدىكى قولغا كەلگەن شەرەپ مېۋىلىرى بولسۇن، مەيلى جۇڭگو ئازاد بولغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا قولغا كەلگەن مېۋىلەر بولسۇن، ياخشى ئاسرىشىمىز لازىم» دەپ سۆزلەيتتى.

1966 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى. 10يىللىق قالايمىقانچىلىق جۇڭگوغا ھەر خىل بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. جۈملىدىن بىزمۇ گىرەندە بولۇپ چەتكە قېقىلدۇق. 1969 ـ يىلى مېنى يالغۇز ئۆيگە قاماپ قويغان ۋاقىتتا رادىئودىن مۇنداق خەۋەر بېرىلدى: «ۋېيتنامنىڭ داھىسى خۇجىمىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا ماڭگو ئەۋەتكەنىكەن. ماۋ زېدۇڭ باشقا ئۆلكىلەردىكى جاپا تارتىۋاتقانلارمۇ ئېغىز تەگسۇن، دەپ شىنجاڭغا تۆت تال ماڭگو ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ھەربىي رايون مەسئۇل بولغان، زاھىر ساۋدانوف باشقا ئۈچ رەھبەر بىلەن بېيجىڭدىن پويىز بىلەن كېلىۋاتقان تۆت تال ماڭگونى شەرەپ بىلەن تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا بارىدىكەن. ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ماڭگونى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىدىكەن». مەن تۈرمىدە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ماڭگو دېگەن نېمىدۇ؟ (چۈنكى مەن بۇ مېۋىنىمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ بىلمەيدىكەنمەن) بۇنى شۇنچە داغدۇغا بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا چوقۇم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق نەرسە، يەنە بىرى زاھىر ساۋدانوف بار ئىكەن، ئۇ ھەربىي ئىچىدە يەنىلا مەسئۇل كادىر ئىكەن، ھەربىيدە ھەق ـ ناھەقنى ياخشى ئايرىيدۇ، ئەگەر زاھىر ساۋدانوف يەرلىكتە بولغان بولسا، بۇنداق شەرەپنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلىشى خېلى تەسكە توختايتتى، دەپ ئويلىدىم. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاخىرلىشىپ، بەزى كونا سەبداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ قالغىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى ماگگونىڭ ئىشىنى سورىدىم. ماگا: «خۇجەمنىڭ ماۋ زېدۇڭنى جاپا تارتتى» دەپ بۇ مېۋىنى يېسۇن دېگەنىكەن. ماۋزېدۇڭ ئۆزى يالغۇز يېسە، گېلىدىن ئۆتمەي بىرگە ئوخشاش چەت، چېگرا رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئويلاپتۇ. ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ خەلقىنى ھەقىقەتەن سۆيىدۇ. بۇنى تارىخمۇ ئىسپاتلىغان. مەسىلەن: «قوراللىق ئىنقىلاب جەريانىدا يەنئەندە چىقىرىلغان گېزىتلەردە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە كۆپ خەۋەرلەر بېرىلگەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ 1949 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىملەرگە يازغان تېلېگراممىسىدا: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلار جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر» دەپ بەرگەن باھاسى بىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە مەدەت، بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ ئەمەلىيىتى. بۇ بىزنىڭ قىلغىنىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ماگگونى خۇددى دورا قاچىلىغاندەك قاچىلاپ، چەت ـ چېگرا رايونىدىكى بىرگە ئەۋەتىشى بىرگە بولغان مەدەتتىن ئىبارەت، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەر كەتتى، بىز ھايات قالغانلار يەنىلا ئۆز ئورنىمىزغا قايتىپ كېلىپ، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات، ئالدىغا قاراش كېرەك دېگەن ئىدىيە بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىشلەپ كەلدۇق.

1955 ـ يىلى مەركەزنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. يەنى 1955 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىر كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ سانلىق يىغىنىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1955 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن 21 ـ سانلىق يىغىنى قارار قىلىدۇ: دۆلەت سوۋېتىنىڭ باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ تەستىقلانسۇن؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن ۋە شىنجاڭنىڭ بۇرۇنقى مەمۇرىي رايونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونى قىلىنسۇن.»

شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1955 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. زاھىر ساۋدانوف شۇ قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلاردا زاھىر ساۋدانوف ئاق كۆڭۈل، پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن شەرەپلىك ھالدا پارتىيە ۋەكىلى، خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە سەھنىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشتى.

زاھىر ساۋدانوف 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ ساھەگە قەدەم قويغان. 1978 ـ يىلى مەركەزنىڭ ئۆلكىلەردە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

قۇرۇش كېرەك دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بۇ ئورگان قۇرۇلدى. مەن مۇئاۋىن مۇدىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. ھەربىيلەردىن بىرى بولۇش كېرەك دېگەن يوليورۇققا ئاساسەن ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى تيەن يۈلىن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئۇ كىشىدىن كېيىن 1985 - يىلى زاھىر ساۋدانوف مۇئاۋىن مۇدىر، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىمىز بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. باردى - كەلدىمىز، پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز چوڭقۇرلىشىپ باردى. زاھىر ساۋدانوف بۇ ساھەنىڭ رەھبەرلىك كوللىكتىپىغا قاتنىشىپ، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماڭدى. تۆۋەنگە چۈشۈپ، يېزا - بازار، ناھىيە، ۋىلايەتلەردە خىزمەتلەرنى، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولماي، 30 نەچچە يىل دىئابىت كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قان بېسىمى ئۆرلەش، بەزىدە يۈرەكتە ھەرىكەت سىستېمىلىق بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە دورا ئىچكەچ، خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

1986 - يىلى زاھىر ساۋدانوف ئىككىمىز ئىلىغا بېرىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىنىڭ بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئەھۋالى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردۇق. بولۇپمۇ، نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە تويلارنىڭ قىممەتلىشىپ كەتكەنلىكى، نىكاھ ئىشلىرى سودىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىك ئەھۋاللىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا زاھىر ساۋدانوف خاپا بولۇپ، «بىر تويغا 10مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلەنسە، چارۋىچىلارنىڭ بىر يىللىق كىرىمى بۇنىڭغا يەتمىسە، بىز قانداق قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايمىز، نىكاھ ئىشلىرىغا بۇنچىلىك جىق راسخوت كەتسە، بۇنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى ‹قالىڭ مال› (قازاقچە سۆز بولۇپ، ‹قىز مېلى› دېگەن مەنىدە) ئېلىشتىن نېمە پەرقى بار، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك، بۇنى خەلققە ياخشى چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئۆزگەرگەن ‹قالىڭ مال› ئېلىشنى توسۇش كېرەك» دەپ بەك كايىپ كەتكەنىدى. بىز قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇ يەردىكىلەر چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى مېھمان كۈتۈش ئادىتى بويىچە مېھمانلارغا بىردىن ئات سوۋغا قىلىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. زاھىر ساۋدانوف ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «ساھىبخانلار، بىزنى ياخشى كۈتۈۋالغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، بىزنىڭ خەلقىمىز تېخى كەمبەغەل، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 300 يۈەندىن ئاشمايدۇ، بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر ناھايىتى كۆپ، دۆلەت بۇلارنى يۆلەيدۇ، بىز مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلارنى قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى دەۋاتساق، سىلەرنىڭ تاپقان پۇلۇڭلار تويغا كەتسە قانداق بولىدۇ؟ سىلەرمۇ كۆپ جاپا تارتىسىلەر، بۇنى بىز بىلىمىز، يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى بەك ھەشەمەتلىك كۈتۈۋالماڭلار، ئاددىي، قورساق تويغۇدەك بولسا بولىدۇ، ئات مىنگۈزۈپ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى سوۋغا قىلىشقا بولمايدۇ،

www.uyghurkitap.com

خەلقتىن ئارتۇق نەرسە ئالماسلىق كېرەك، بىز بۇ ئاتنى ئالمايمىز، رەھمەت سىلەرگە» دەپ ئۇلارنىڭ سوۋغىتىنى قايتۇرۇۋەتتى. دېمەك، بۇ گېنېرال نەگە بارسا، ئاددىي-ساددا، كىچىك پېئىل، يۇمشاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ تۇراتتى.

2005-يىلى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىلەندى. دۆلىتىمىزدىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭ خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بېيجىڭدا بۇ ھەقتە مەخسۇس كۆرگەزمىلەر ئېچىلدى. نۇرغۇن سۆھبەت يىغىنلىرى ۋە مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەملەرنى زىيارەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە كەلتۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىندى ۋە جۇڭگو خەلقى نۇرغۇن جاپالارنى تارتسىمۇ، ئاخىرى قەد كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگەنلىكى نامايەن قىلىندى. جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلانى زاھىر ساۋۇدانوف بۇ ۋەزىيەتنى توغرا چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي قاتناشقانلىق شەرىپىگە جۇڭگودا تارقىتىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 60 يىللىق خاتىرە ئوردېنىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بۇ خۇشاللىقتىن يالغۇز ئۆزىلا بەھرىلەنمەي، شۇ دەۋردىكى سەپداشلىرى بىلەن بىللە بەھرىلىنىشنى لايىق تېپىپ، ئىقتىسادىي چىقىمنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ ۋاقىتتا قولىغا قورال ئالغان، ھازىر ئۈرۈمچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان 39 سەپدىشى بىلەن بىرگە بۇ خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلدى. بۇ يىغىلىش 2005-يىلى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن (شۇ قېتىملىق يىغىلىشتىن كېيىن بىزدىن ئايرىلغانلار ئونغا يېقىن بولۇپ قالدى). شۇ قېتىمقى يىغىلىشتا زاھىر ساۋۇدانوف مۇنداق دېگەنىدى:

«ھۆرمەتلىك سەپداشلار! بىز بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولۇپ 2-دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان 2005-يىلىدا، ھەممىمىز زور ئىپتىخارلىق ۋە خۇشاللىققا چۆمگەن ھالدا شۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ قاتناشچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ ئۇلۇغ كۈنلەرنى ئەسلەۋاتىمىز ھەم خاتىرىلەۋاتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخىمۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن شۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا خاتىرە ئوردېن تارقاتقاندا بىزنى ئۇنتۇپ قالماي، بىزنىڭ كۆرەشلىرىمىزنىمۇ ئەنگە ئېلىپ، بىزگىمۇ بۇ خاتىرە ئوردېنىنى تارقاتتى. بۇ روھىمىزغا روھ، غەيرىتىمىزگە غەيرەت قوشتى. بۇ بىز ئۈچۈن ئۇنتۇلماس خاتىرە. ئويلاپ باقايلى، بىز چەت-چېگرا رايوندا ياشايمىز، مۇداپىئە ئۇرۇشى ۋاقتىدا بىز ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن بىۋاستە، تىغمۇ تىغ ئۇرۇش قىلمىدۇق، بۇ مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى 1945-يىلى 9-ئاي بولدى. بىز قولىمىزغا قورال ئېلىپ،

بىرىشىمىزدىكى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنيادا قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ كۈرەش قىلىپ، 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىلىنىڭ ئۈلاستاي دېگەن يېرىدىن قوزغىلىپ، كۈرەش قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغىغان. شۇ چاغدا بىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغانىدۇق. شۇ ۋاقىتلاردا چوڭىمىز 20 ياشلاردا، كىچىكىمىز 16 - 17 ياشلاردىكى ئۆسمۈرلەر ئىدۇق. بىزنىڭ باسقان يوللىرىمىز تاغ ئارىسى، مۇز داۋان، ئېگىز تاغلىق رايونلار، جىلغ، شىخۇ ۋە باشقا پايانسىز چۆللۈكلەر ئىدى. ئۇرغۇپ تۇرغان ئوت يۈرەك باللار ئۆلەر - تىرىلىشىمىزگە قارىماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىنىمسىز تىغ كۈرەش قىلغانىدۇق. ياتقان يەرلىرىمىز زەي، گەمىلىرىمىز سېسىقچىلىق، ئاچ - توقلۇقىمىزغا قارىماي جەڭ قىلغانىدۇق. بىزنىڭ شۇ چاغدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمىز بۈگۈن بىزگە شەرەپ ئېلىپ كەلدى، شۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەر بەدىلىگە كۆكرىكىمىزگە شەرەپ ئوردېنى تاقالدى، بىز مۇشۇنداق شەرەپكە ئىگە بولغان ۋاقتىمىزدا بىز بىلەن بىللە قولىغا قورال ئېلىپ، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن، جېنىنى تىكىپ قۇربان بولغان سەپداشلىرىمىزنى ئەسلەيمىز، ئۇلارنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز، ئۇلار ھامان بىزنىڭ قەلبىمىزدە!...

سەپداشلار!

بىز بۈگۈنكى مۇشۇنداق شان - شەرەپكە ئىگە بولۇپ، راھەت، باياشاتتا ياشاۋاتىمىز. ھازىر 21 - ئەسىر، پەن - تېخنىكا دەۋرى. پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى بىزنىڭ تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ماياك ياندۇرۇۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ نىشانىنى بويلاپ، تېخىمۇ تىرىشىپ، ياشلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مەدەت بېرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىز ياشىنىپ قالغان بولساقمۇ، روھىي جەھەتتىن تېتىك تۇرۇپ، ئۆز ئورنىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، كۈچىمىز قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك كۈچ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، ئاخىرقى قېنىمىز قالغۇچە تىرىشىشىمىز لازىم.»

1997 - يىلى دېكابىردا 1997 - يىلنى ئۇزىتىپ، 1998 - يىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە «پېشقەدەم جەڭچىلەر ناۋاسى» ناملىق سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كېچىلىككە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ئۈرۈمچىدە ھايات قالغانلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان جەڭچىلەر، ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلەۋاتقانلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. مۇشۇنداق چوڭ سەنئەت كېچىلىكىنى ئۆتكۈزۈشنى كىم تەشەببۇس قىلغان؟ بۇنىڭغا زاھىر ساۋدانوف تەشەببۇسچى بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورۇنلاشتۇرغان. زاھىر ساۋدانوف يالغۇز تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، پىلان تۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. سەنئەت نومۇرلىرى، ئىنقىلابىي ھەربىي مارشلارنىڭ ئېيتىلىشى، ئۇنى كىملەر ئورۇندىسا مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارغىچە ئارىلاشتى. ھەتتا، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن، پېشقەدەم جەڭچىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سۆز قىلغاندىن كېيىن، رىياسەتچى مۇنىرە غوپۇر گېنېرال زاھىر ساۋدانوفنى سۆزگە تەكلىپ قىلغاندى. زاھىر ساۋدانوفنىڭ شۇ چاغدا تۆۋەندىكىدەك سۆزلىگەنلىكى ئېسىمدە:

«مۆھتەرەم بۈگۈنكى بۇ كۆڭۈللۈك كېچىلىككە قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىلار!

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1997-يىلىنى ئۇزىتىپ، 1998-يىلىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ مۇشۇنداق كاتتا سەنئەت كېچىلىكىنى ئۇيۇشتۇردى. مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىسەك، پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ باسقان ئىزلىرى زايا كەتمىدى، پارتىيە بۇنى ياخشى خۇلاسە قىلدى. ئەمدى يېڭى يىلدا يېڭى غەلىبىلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، ھەممىمىز بىرلىشىپ، ئىنتىپاقلىشىپ، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش، يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. ھەممىڭلارنىڭ يېڭى يىلىغا مۇبارەك بولسۇن.»

شۇ كۈنكى كېچىلىكتە شېئىرنى تەلئەت ناسىرى يازغان، مەرھۇم پېشقەدەم جەڭچى، ئاتاقلىق كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «بىزنىڭ ناخشىمىز» دېگەن ناخشا ئورۇندالدى. پېشقەدەم جەڭچىلەر مەيدىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ قان بەدىلىگە بېرىلگەن ئوردېنلارنى تاقىغان، ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خەنزۇ، تاتار، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەت ناخشىچىلىرى بىرلىكتە ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكى، ھەممىنىڭ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈپ، چېگرا رايوننى بىردەك ساقلىغانلىقى، بۈگۈنكى بەختنىڭ قانچىلىك قان-تەر بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى ئەسلەتكەنىدى. كىشىلەرنى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، ھازىرقىغا شۈكرى قىلىپ، كېلەچەكتىكى بەختلىك ھاياتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەندۈرگەنىدى. زاھىر ساۋدانوف ئاخىرقى ئۆمرىدە مۇشۇنداق ئىزلارنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى.

**ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا قىلغان كۆڭلىدىكى سۆزى**

2007-يىلى 3-ئايدا زاھىر ساۋدانوفنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، دوختۇرلار بۇ قېتىم قۇتقۇزۇپ قېلىشىمىز قانچىلىك بولار، دېيىشىپ، ئەندىشىگە چۈشۈشتى، بېيجىڭ ھەربىي دوختۇرخانىسىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار داۋالاشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇ كېسەل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەن يوقلاپ بارسام ئۇ كۈلۈپ يېتىپتۇ. مەن چاقچاق قىلىپ: «قانداق

ئەھۋال، سىزنى ماركس تىزىمغا ئالماپتۇ، يازلار كېلىۋاتىدۇ، باغلارغا بارىمىز، تاغلارغا چىقىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ غەيرەت قىلىش كېرەك» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «ۋاي، ئەمدى بۇنداق ئىشلار مېنىڭ چۈشۈمدەك بولۇپ قالدى» دېدى ۋە ئاخىرىدا بىرقانچە ئىشنى تەكىتلەپ ئۆتتى:

«بىرىنچى، 87 يىللىق ھاياتىمدا مېنىڭ پارتىيىگە، خەلققە قىلغان خىزمىتىم بىلەن، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى، خەلقنىڭ مەدىتى، داۋالىنىشىمغا يۇقىرى دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى سېلىشتۇرسام، ماڭا بولغان غەمخورلۇق، مەدەت ئىنتايىن چوڭ بولدى. مۇشۇنى سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ خەلققە قىلغان خىزمىتىمنى غەمخورلۇق بېسىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پارتىيىدىن مىننەتدارمەن، خەلقتىن مىننەتدارمەن، تىببىي داۋالىغۇچىلاردىن مىننەتدارمەن.

ئىككىنچى، مېنىڭ ھاياتىمدا ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ بۇرادەرلەر كۆپ يوقلىدى، ھال سورىدى. مېنى كۆڭلىدە ئەزىز كۆرۈپ، يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قارىدى. مەن بۇنىڭدىن مىننەتدارمەن، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۈچىنچى، ئىنسان ئۆمرىدە بەزىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، بەزىدە كىشىلەرنى رەنجىتىپمۇ قويىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، مەن ئۆزۈمنى ئويلاپ كۆرسەم، بۇ دۇنياغا كەلگىنىمگە رازى، بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى كۆردۈم، دۇنيانىڭ قىزىقىنى كۆردۈم، ئۆتكەن ئۆمرۈمگە رازى، شۇ جەرياندا مېنىڭدىن كۆڭلى قالغان يارۇ ـ بۇرادەرلەر بولسا مېنى كەچۈرسۇن، ئۇلاردىن ئەپۇ سورايمەن، ئۇلار مېنىڭدىن رازى بولسۇن.

تۆتىنچى، سىزمۇ بىزنىڭ ئارقىمىزدىن مېڭىپ، چوڭ بولۇپ قالدىڭىز، ياشىنىپ قالدىڭىز، نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭىز، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ.

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى تونۇش ـ بىلىش، ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىڭىزدا يەتكۈزۈپ قويارسىز، ھەممىڭلار سالامەت بولۇڭلار...»

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئارمىيىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىي خىزمەتچىسى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى زاھىر ساۋدانوف كېسەل سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 14:55تە لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىدا 87 يېشىدا ۋاپات بولدى.

زاھىر ساۋدانوفنىڭ ھاياتى ئىنقىلابىي ھايات، جەڭگىۋار ھايات، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھايات. ئۇنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە، ھەرمىللەت خەلققە چەكسىز سادىق بولۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئىنقىلاب ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك پىداكارلىق روھى، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي ئىرادىسى ۋە ئىشچان، ئاددىي ـ ساددا بولۇشتەك ئېسىل ئىستىلى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. خەير، ئۇ كەتتى، ئەمدى قالغان بالا ـ چاقا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا مەرھۇمنىڭ ئېسىل ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى تىلەيمەن.

تەھرىرلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئارالتۆپىنىڭ 40 ـ يىللاردىكى سەنئەت ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇسەمەت ئابدۇللا

كونەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆپە بازىرى مەنزىرىسى كۆركەم، ھاۋاسى ساپ، گۈزەل جاي. 1934 ـ يىلى دەسلەپتە بۇ گۈزەل زېمىنغا رۇسلار كېلىپ، ياغاچتىن ئۆيلەرنى سېلىپ، يېڭىدىن بىر مەھەللە بەرپا قىلدى، ئاندىن مەكتەپ قۇرۇپ قىرائەتخانا ئاچتى. رۇس ياشلىرى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالغاندا دوخراتكا، گىتارلارنى چېلىپ، تانسا ئويۇشتۇرۇپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇ مەھەللىنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇردى.

1936 ـ يىلى ئارالتۆپىدە سودىگەرلەر ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر كۆپەيدى. ئىسمايىل ئىمام، يۇسۇپ خەلپە، مىرزەكرەم باي(ئۆزبېك) قاتارلىقلار باشلامچى بولۇپ ھازىرقى قاراسۇ كەنتىگە ئۆي، مەسچىت، دۇكانلارنى سېلىپ، مەھەللە بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىمۇ جانلاندى، شۇنداقلا سەنئەت ئىشلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، يېزا بويىچە ناھايىتى ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى.

1940 ـ يىلىدىن كېيىن ئارالتۆپىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپنى مەركەز قىلغان ئاساستا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار، ئىلىدىن چىققان ناخشىچى، سازەندىلەر بىرلىشىپ سەنئەت ياچېيكىسى تەشكىللىدى. مەكتەپ مۇدىرى رىھىم سەنئەت ياچېيكىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇلار دەسلەپتە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ساۋات چىقىرىشقا دەۋەت قىلىش مەزمۇنىدىكى كونسېرتلارنى ئوينىدى. 1941 ـ يىلى سەنئەت ياچېيكىسىنى يۇسۇپجان، سېيتۋالدىلار باشقۇردى. ئۇلار بىر قىسىم ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىپ قوشۇننى زورايتتى. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئارالتۆپىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ۋاقتىنچە توختاپ قالدى.

1946 ـ يىلى ئارالتۆپىدە سالاسۇنلۇق ئۇيغۇر كۇلۇبى، رۇسلار كۇلۇبى ۋە مىللىي پولەك ھەربىي كۇلۇبى قۇرۇلدى. 1947 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارالتۆپىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. كونەس ساقچى ئىدارىسىدىكى مۇساجان گومىنداڭچىلارنىڭ ھودۇقۇپ قېچىشىنى

مەزمۇن قىلغان «ئەجەل ئالدىدىكى هودۇقۇش» دېگەن ئەسەرنى سەھنىلەشتۈردى، سۇلايمان جادۇ باش رولنى، قالغانلار قوشۇمچە روللارنى ئالدى. مەھەللىلەردىكى مەشرەپلەرمۇ كۆپەيدى، ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەشرەپ سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، مەشرەپ سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

1949 - يىلى ئارالتۆپىدىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سەنئەت ئىشلىرىغا ناهىيىنىڭ مۇئاۋىن هاكىمى ئىبراھىم باراتوف، سوۋېت ئاھالىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇسالام ئەپەندىلەرمۇ يېقىندىن ياردەملەشتى. سەنئەت ئۆمىكىدىن ئابدۇجېلىل چۈگۈن دېكراتسىيە ياساش ۋە سىزىشقا مەسئۇل بولدى. مەمەترېھىم، ئابدۇللا جادۇ،



ئارالتۆپە ئۇيغۇر مەكتىپى سەنئەت ياچېيكىسىدىكى ئارتىسلار

تۆۋەندىن يۇقىرىغا، ئوڭدىن سولغا: ئابدۇقېيىم، تاجىنسا، مەمەت سەمەت (مەكتەپ مۇدىرى)، پاتىگۈل روزى، پاتەم روزى، تۇرسۇنقىز ئۆمۈراخۇن، جەننەت، ھەمراقىز، چىمەنگۈل، ئىمىن ئاخۇن تەمبۇر، ياقۇپجان قۇيماق دۇتارچى، ناسىرجان تەمبۇر (ئۆزبېك)، ئابدۇسەمەت كەنجاخۇن دۇتارچى، ھەسەنجان (ئوقۇتقۇچى)، ئابدۇجېلىل چۈگۈن، مەمەت تاجى، ئابدۇللا جادۇ، ئابدى پاكار، نەجمىدىن (ئۆزبېك)، مەمەت كىگىزچى، باسىت (ئوقۇتقۇچى)، ئەتراپتىكىلەر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. سۈرەت 1952 - يىلى ئارالتۆپە ئۇيغۇر مەكتىپى ئالدىدا تارتىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېشىت ئۇسسۇلچى، مەمەت تاجى سۇنايچى، مەخمۇتجان ئەپەندى، مەمەت كېرىم، سىدىق ماخالا، مەمەتجان موزاي، گۇل روزىخان، تۇرسۇنئاي، پاتىگۇل، ئىمىن ئاخۇن تەمبۇر، ناسىرجان دۇتتارچى، تۇراخۇن داپچى قاتارلىق ئارتىسلار بۇ يەرنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ زور تۆھپىلىرىنى قوشتى.

1950 ـ يىلى بۇ ئۆمەك «گۈلنىسا» درامىسىنى ئارالتۆپىدە ئويناش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، ئارتىسلارنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇردى ھەمدە جۇماخۇن، سۇلايمان جادۇ، نەجمىدىن، ئابدى پاكار، ياقۇپجان قۇيماق، جەننەت، تۇرسۇنقىز، مەريەم، پاتىگۇل روزاخۇن، ھەمراقىز، چىمەنگۇل، ئابدۇسەمەت كەنجاخۇن قاتارلىق ئارتىسلارنى تولۇقلاپ، بۇ درامىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقتى. 1951 ـ يىلى ئۇلار يەنە «قانلىق داغ» درامىسىنى سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1952 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئەۋەتكەن تەشۋىقات خىزمىتى گۇرۇپپىسىدىكى مەتتاھىر راۋاپچى، پاشا ئىشان، زەينەپ نەسرۇللا قاتارلىق يولداشلار ئارالتۆپىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملەشتى. شۇ چاغدا ئارالتۆپە خەلقى پاشا ئىشاننىڭ «ئازاد زامان» دېگەن ناخشىسىنى تونجى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. 1953 ـ يىلى ئارالتۆپە سەنئەت ئۆمىكىدىكى تەمبۇرچى، ناخشىچى ئوسمانجان ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭ بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ئارالتۆپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى كۆرەكتە ئاڭلىغان ناخشا، كۆرگەن ئۇسسۇل ۋە ھەرىكەتلەرنى ئارالتۆپە سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرگە ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. 1956 ـ يىلى كۈنەس ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئارالتۆپە ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئاسىيەم ئىسمايىل ئۇسسۇلدا بىرىنچىلىككە، ئىمىن ئاخۇن تەمبۇرچى ساز چېلىشتا بىرىنچىلىككە، ئوقۇغۇچى گۈلسۇم ناخشا ئېيتىشتا ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئارالتۆپىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلىدى. مەشرەپلەر داۋاملىشىپ، سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلارمۇ ئىز بېسىپ يېتىشىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى مەنىلىك ئۆتتى.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھەمىت

# ئىلىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كىنوچىلىق ئىشلىرى توغرىسىدا

خەپىز ساتتار سالىھ

(ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن)

ئىلى رايونى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىشىدىكى كۆزنەكلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەندى. ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى جايلاشقان كۈرە قەلئەسى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي، سودا مەركىزى بولغان. 1882 - يىلى بەرپا قىلىنغان يېڭى كۈرە قەلئەسى گۈللەنگەن دەۋرلەردە يېقىنقى زامان غەرب پەن - تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئېلېكتر، تېلېفون، تېلېگراف، فوتو ئاپپارات، كىنو، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەنە شۇ مەزگىللەردە كۈرە قەلئەسىگە جايلاشقان جاڭجۈن مەھكىمىسىدە ۋە غۇلجىدىكى چارروسىيە كونسۇلخانىسىدا كىنو قويۇلۇپ تۇراتتى.

شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئاكا - ئۇكا ھۈسەنباي (1844~1926)، باۋۇدۇنباي (1851~1928)لار 1907 - يىلى قۇرۇشقا باشلاپ، 1909 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇش جەريانىدا، گېرمانىيىلىك تېخنىكلارغا زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش جەريانىنى، چەت ئەل مەنزىرىلىرىنى، جەڭ مەيدانلىرىنى لېنتىغا ئالدۇرۇپ فىلىم قىلىپ ئىشلەتكەن. گېرمانىيىلىك تېخنىكلار فىلىمنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، 1912 - يىلى باۋۇدۇنبايغا تاپشۇرغان. باۋۇدۇنباي شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن بۇ فىلىمنى ئالدى بىلەن ئاتۇشتا قويغان، كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ زاۋۇت

www.uyghurkitap.com

ئىشچىلىرىغا ۋە ئاممىغا كۆپ قېتىم قويۇپ بەرگەن. فىلىمنى باۋۇدۇنباي بىللە ئېلىپ كەلگەن گېرمانىيىلىك تېخنىكلار قويغان. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ فىلىمنى كۆرە ھەربىي ئەمەلدارى سورىشۇبىلىپ شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىنغا سوۋغات قىلىپ بېرىۋەتكەن.

تەخمىنەن 1920 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا غۇلجىلىق ما بىڭچى رۇسىيىدىن بىر يۈرۈش كونا كىنو قويۇش ئاپپاراتى، بىر گېنېراتور، ئون تەخسە ئاۋازسىز كىنو لېنتىسى ئېلىپ كېلىپ غۇلجىدا كىنو قويغان. 1931 ـ يىلى ئۇ كىنو ئاپپاراتى، گېنېراتور ۋە كىنو فىلىملىرىنى ئۈرۈمچىلىك ياڭ يۈەنخۇغا سېتىۋەتكەن. 1932 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان غۇلجىلىق ھۈسەيىن بىر جۈپ كىنو ئاپپاراتى ۋە بىر قانچە كىنو فىلىمنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ، ئاۋۋال غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قارادۆڭ مەھەللىسىدە، كېيىنچە ئۆچدەرۋازا مەھەللىسىدە كۆپ قېتىم كىنو قويغان. 1934 ـ يىلى ئۇ يېڭى كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ «ھۈسەيىن كىنو تەرەققىيات شىركىتى»نى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلىگەن كىنو فىلىملىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ كېلىپ غۇلجىدا كىنو قويغان.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى «ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن تەختكە چىققان شېڭ شىسەي سىياسىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويدى. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويۇشى گەرچە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولسىمۇ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە پايدىلىق ئىدى. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. 1936 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرى ۋە كۆپلىگەن ناھىيىلىرىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى مۆئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مۇشۇ قاتاردا ئىلىدىكى ھەر قايسى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال يولغا قويۇش بىلەن بىللە، ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە كىنوخانىلارنى سېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئىشلىرىدا زور رول ئوينىدى.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە غۇلجا شەھرىدە يەتتە كىنوخانا سېلىنغان، ئۇلار: كونسۇلباغ (ھازىرقى ئىلى ئالىي مېھمانخانىسى

قورۇسىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ)، ئىتتىپاق كۇلۇبى (ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز كۇلۇبى ـ ھازىرقى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە كومىتېتى قورۇسىغا جايلاشقان)، ئۆزبېك كىنو بېغى (ھازىرقى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان)، تاتار كۇلۇبى (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسىدا)، خەنزۇ كۇلۇبى (ھازىرقى خەنزۇ بازىرى كىنوخانىسى ئورنىدا)، رۇس كۇلۇبى (ھازىرقى ستالىن كوچىسىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسى ئورنىدا)، ماياك كۇلۇبى (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا، ھازىر قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن). بۇ كۇلۇبلاردا ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن كىنولاردىن ئاساسلىقى «ئاچا ـ سىڭىل چېچەكلىرى»، «قايتا ئېچىلغان گۈل»، «يالغۇز شەھەردىكى ئايال»، «كوچىدىكى پەرىشتە»، «ئىپپەتلىك ئايال»، «يۈكسەك نىيەت ـ بۈيۈك ئىرادە» (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش مەزمۇن قىلىنغان فىلىم)، «تەيئېرجۇاڭدىكى جەڭ»، «لۇگوچياۋ ۋەقەسى» (ھۆججەتلىك فىلىم)، «شياۋلىگزى»، «يالغان بايۋەچچە»، «رەستىدە»، «سۈيىپۈەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش»، «داڭدار ئەزىمەت»، «يىرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى»، «ۋاپاسىز ئەر ـ خوتۇن» قاتارلىقلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كىنولىرىدىن «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «ئۇنتۇلماس 1918 ـ يىل»، «چاپايېف»، «تراكتورچى قىز»، «چېگرىدا»، «گۈزەل ۋاسىلىسا»، «ئالتۇن بېلىقنىڭ ئارزۇسى»، «پولك ئوغلى»، «ھەسەن ـ ھۈسەن»، «نەسىردىن ئەپەندى»، «چەتتىن كەلگەن بالا»، «بېرلىن»، «يىراقتىكى جانان»، «رادۇگا»، «باسقۇنچىلىق»، «ترانسۋال ئوت ئىچىدە»، «پويىز شەرققە ماڭدى»، «ئۇ ۋەتەننى ھىمايە قىلماقتا»، «ئەلىشىر ناۋائى»، «نەسىردىن ئەپەندى بۇخارادا»، «زولۇشكا»، «زويا»، «دوبروۋسكى»، «ياش گۋاردىيە»، «رازۋېدچىكنىڭ پىداكارلىقى»، «ئىككى جەڭچى»، «ئالېكساندىر ماتروسوف»، «ئالتۇن مۈڭگۈز»، «دېڭىز لاچىنى»، «دوك ئات»، «مىچۇرىن»، «موسكۋاغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن»، «ئاخىرقى كېچە»، «ئېلبا دەرياسىدا ئۇچرىشىش»، «ۋ. ئى. لېنىن»، «كوتوۋېسكى» قاتارلىق نۇرغۇن رۇسچە كىنولار قويۇلغان، رۇس تىلىدا قويۇلغان كىنولارغا ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقلاردا قىسقىچە دىئالوگ بېرىلگەن. 40 ـ يىللاردا چىقىدىغان گېزىتلەردە «كۇلۇبلاردا قويۇلىدىغان كىنو فىلىملىرى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس ھەپتىلىك كىنو ئېلانى بېرىلگەن.

ئەينى دەۋردە غۇلجا شەھىرىدە كىنو پراكات يەنى كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇشنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن ياكى ئىمپورت قىلىنغان فىلىملەرنىڭ ھەممىسى كىنو پراكات تەرىپىدىن تارقىتىلاتتى. تارقىتىلىدىغان كىنو فىلىملىرى تارقىتىلىش ئالدىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىدىن تەشكىللەنگەن كومىسسىيەلەرگە قويۇپ بېرىلەتتى ۋە

www.uyghurkitap.com

كوممۇنىستلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسپانىيە كىنو فىلىملىرىدىكى دەۋر ئەخلاقىغا ماس كەلمەيدىغان جايلار كېسىۋېتىلەتتى.

غۇلجىدا كىنوخانىلارنىڭ كۆپلەپ سېلىنىشى دراما ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 30 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە كىنوخانىلاردا «تاھىر - زۆھرە» ، «پەرھاد - شىرىن» ، «غېرىب - سەنەم» ، «غۇنچەم» قاتارلىق ئۇيغۇرچە دىرامىلار، «شوغانىڭ بەلگىسى» ، «قىز جىبەك» ، «سەلقە - سەمەن» قاتارلىق قازاقچە دىرامىلار، «ئاسىل يار»(گۈزەل سۆيگىنىم) ، «سۆڭگەن يۇلتۇز»(ئۆچكەن يۇلتۇز) ، «ياللانما ئەخمەت» قاتارلىق تاتارچە دىرامىلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك سەھنە ئەسەرلىرى ھەممىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىش، فېئودال كۈنلىقنى قامچىلاش، خەلقنى پەن - مائارىپقا، يېڭى تۇرمۇشقا ئۈندەش، ئاياللارنى كونىلىق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇشقا ئۈندەش مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇنلىغان دىرامىلار ئوينالدى.

ئەينى دەۋردە غۇلجىدىكى بۇ كىنوخانىلار فېئودالىزمغا، خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلىش، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش، ئاياللار ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، كونىلىقتىن قۇتۇلۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋەتەننى قوغداش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش تەشۋىق تەربىيىسى بېرىش، خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە تەشكىللەش، كۈرەشكە ئۈيۈشتۇرۇش، سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

### پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. نۇرمۇھەممەت زامان: «كىنو ۋە كىنو ئەدەبىياتى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1991 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. شېرىپ خۇشتار: «ئىلىدا كىنوچىلىق ئىشلىرى» «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 1994 - يىللىق 1 - سان.

3. شېرىپ خۇشتار: «30 - يىللاردا شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۈچ كىنو شىركىتى» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سانى.

4. غۇلجىدىكى بىر قىسىم پېشقەدەملەر بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى.


تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

# ئۇدۇن خانى ۋېيسا سامباۋا(لى شېڭتيەن)نىڭ مەملىكەت تەۋەلىكى توغرىسىدا

بۇئايشەمگۈل ھاجى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئۇدۇن خانلىقى قەدىمكى دەۋردە غەربىي رايوندا بارلىققا كەلگەن 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان مەزگىلدە رەسمىي دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان، تاكى ئىسلام ئېستىپلاسىغا قەدەر 1000 نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن، ۋېيسا جەمەتىدىن بولغان 56 ئەۋلاد پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغان.①

ئۇدۇن خانلىقى ئېلىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقە ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئۇدۇننىڭ 56 ئەۋلاد خانى ئىچىدە مىلادىيە 912-يىلىدىن 966-يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋېيساخان② دەۋرىگە كەلگەندە، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى يۈكسىلىش يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئۇنىڭ نامى مەملىكەت ئىچى ۋە قوشنا ئەللەردە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئۇدۇن خانلىقىمۇ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا بولدى. شۇڭا ئۇدۇننىڭ بۇ مەشھۇر خانى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئۇدۇن خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى، غەربىي رايوننىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ھەم غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك دوستانە مۇناسىۋەت تارىخىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋېيساخان ھەر خىل تىل-يېزىقلاردا ھەر خىل ناملاردا تىلغا ئېلىنىدۇ: ئۇدۇن يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا ۋېيسا سامباۋا، چاغاتاي يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا ياغلا قالقالو، خالخال ماچىن، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا لى



www.uyghurkitap.com

شىڭتيەن (李圣天)③. ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى توغرىسىدا بىر قانچە خىل قاراش مەۋجۇد بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن 912-يىلىدىن 966-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان دېگەن قاراش ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە.

ۋىيسا سامباۋانىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئالىملار مۇنداق بىر قانچە خىل پىكىردە بولماقتا.

1. ۋىيسا سامباۋا غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، ئۇدۇندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر دېگەن قاراش.

2. ۋىيسا سامباۋا ئەسلىدە ۋىيسا خانلىقىنى بەرپا قىلغان ساكلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراش.

3. ۋىيسا سامباۋا ئەسلىدىكى ۋىيسا خانلىقىنى قۇرغان توخرىلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراش.

بۇلاردىن باشقا ۋىيسا سامباۋا خەنزۇ مىللىتىدىن دەيدىغان قاراشمۇ بار④. گەرچە يۇقىرىقى كۆزقاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزئالدىغا مەلۇم ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ئىلىم ساھەسىدە كۆپرەك ئېتىراپ قىلىنىۋاتقىنى يەنىلا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشتۇر.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسى مۇنداق:

ۋىيسا سامباۋا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۆپ جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە، ئۇ گەنجۇدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش لۈگىشىدىكىلەرنىڭ «لى» فامىلىسىنى قوللانغان، ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا 李圣天 دىكى 圣天 دېگەن بۇ سۆز تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خانلىق ناملىرىدا دائىم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ «李(لى)» فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتىگە مەنسۇپ، دەپ قارىغانلىقىمۇ بەزى ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «تاماققا ھەسەل قوشىدۇ، تېرىققا قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ يەيدۇ»⑤. يەنە تېبەتچە خاتىرىلەردە ئۇدۇننىڭ «ئارسلان خانى» دېگەن ئىبارە كۆپ ئۇچرايدۇ، 10- ئەسىردىن 11-ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ھەممە تۈرك ھاكىمىيەتلىرىدە «ئارسلان خان» دېگەن نام قوللىنىلغان، شۇڭا لى شىڭتيەننى ئۇيغۇر دېيىشكە بولىدۇ⑥.

يۇقىرىقى ئىسپاتلار قارىماققا خېلى ئىشەنچلىك كۆرۈنسىمۇ، بىراق بۇ قاراشلارنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىت يوق. باشقا تەرەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلىنىپ، خانلىقنىڭ يۇقىرىلىرى بىر قانچە تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى، بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇدۇن خانلىقى تەۋەسىگە كۆچۈپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق⑦، ئەگەر بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى كۆچۈپ كىردى، دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار ئۇدۇن خانلىقى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەرقانچە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلسىمۇ، 1000 يىلدەك مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ۋىيسا خانلىقىنى بىر يولىدىلا ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ يېپيېڭى ھاكىمىيىتىنى تىكلىشى، شۇنداقلا بۇنداق زور

شۆھرەت قازىنىشى ئۈنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر تۆۋەندىكىدەك دەلىللەر ئارقىلىق بىرىنچى خىل قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىنكار قىلىدۇ:

ئۇدۇندىكى مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي تەركىبى 10 ـ ئەسىردىمۇ ساكلارنى ئاساس قىلاتتى. مىللەت تەركىبىدە پەقەت 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى خوتەندە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى خوتەندە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكىلەرنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

خوتەننىڭ 10 ـ ئەسىردە يەنى ۋىيساخان دەۋرىدە تېخى ئۇيغۇرلىشىش باسقۇچىغا كىرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە مۇنداق ئىسپاتلار بار:

مەھمۇت قەشقەرى 11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا يېزىپ قالدۇرغان بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق تىلغا ئالىدۇ: «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر، ئىككى تىلنى بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقچىلىق بار... چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلاشقان خوتەن، تىبەت خەلقلىرى ۋە بەزى تاڭغۇتلار شۇنداق، بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن ... تىبەتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار، خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈرك تىلىدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ»⑧، «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى ‹A› (ئا) نى ‹h› (ھ) غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركىي تىلدا يوق بۇنداق تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن دەپ ھېسابلىمايمىز»⑨.

مېنىڭچە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىسى ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆتكۈنچى بىر ئۆزگىرىشنىڭ يەكۈنى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىزگە 11 ـ ئەسىردىكى ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ يەنىلا ساكلار ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئاساسلىق تىلىنىڭ يەنىلا ساك تىلى ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتا تىل تەتقىقاتىدىمۇ ئايدىڭلىشىپ بولغانىدى. مەسىلەن:

ئەنگلىيىلىك ئىران تىللىرى مۇتەخەسسىسى ھ. ۋ. بەيلى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا: «خوتەن ساكلىرى خوتەن ساك تىلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھىندىستاندىكى گۇپتا خانلىقى (320~555 ـ يىلغىچە) قوللانغان يېزىق ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان پراكرىت (Prakrit) يېزىقى ياكى خوتەن ساك يېزىقى دەپ ئاتىلىدىغان يېزىقنى قوللانغان، بۇ خىل يېزىق مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ 10 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان بولۇپ، دەسلەپكى دەۋرى (3 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە) ۋە كېيىنكى دەۋرى (7 ـ ئەسىردىن10 ـ ئەسىرگىچە) دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنەتتى دەپ كۆرسەتكەن»⑩. بۇ باياندىن مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن؛ ۋىيساخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (10 ـ ئەسىر)دە ئۇدۇننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى يەنىلا ساكلار بولۇپ،

مىللەت تەركىبىدە تېخى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن، ئەگەر مىللەت تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇ مىللەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تىل-يېزىقتىمۇ ئۆزگىرىش بولغان بولاتتى.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھ. ج. كلىمكېيت بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: 10-ئەسىرگە كەلگەندە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى ھارۇن I خوتەننى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ساكلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ خوتەن ساكلىرىنىڭ شانلىق بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، خوتەندە يېڭى بىر دەۋر— ئىسلامىيەت دەۋرى باشلاندى⑪. بۇ بايانىدا ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىپ ئومۇملىشىشى، خوتەندىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئاياغلىشىشى توغرىسىدا بىر قەدەر يۈزەكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىن بىر ۋاستىلىق ھالدا ۋىيساخان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ئۇدۇن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مىللەتنىڭ يەنىلا بۇددا دىنى ئېتىقادىدىكى ساكلارنى ئاساس قىلغانلىقىنى، ۋىيساخانىنىڭمۇ ساك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى پىربىرونىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ۋىيسا خانىنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋىيسا سامباۋا (visa sambhava) بولۇپ، 912-يىلىدىن 966-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرى ۋىيسا سۇرا (visa sura)، ۋىيسا داراما (visa darama)... لارنىڭ فامىلىسىنىڭ يەنىلا «ۋىيسا» ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، شۇ چاغلاردىكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يەنىلا ئۇزاق قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋىيسا فامىلىلىكلەر قۇرغان خانلىق ئىكەنلىكى مەلۇم.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىر قاتار نەقىللەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ھالدا، ۋىيسا خانىنىڭ ساك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى، بىراق ئەتراپىدىكى تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ، ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەك ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس.

ئۇنداقتا ۋىيسا خان ساك نەسلىدىن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن «لى»(李) فامىلىسىنى قوللىنىدۇ؟

بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھازىر بىر قانچە خىل قاراش مەۋجۇد. بىر قىسىم كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ فامىلىسىدىكى «لى» خېتى ئۈچۈنلا ئۇنى خەنزۇ دەپ تونۇماقتا، ئۇلارنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكىچە:

بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋىيسا خانىنىڭ «لى» فامىلىسىنى قوللىنىشىنى مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇدۇن تېبەتچە تارىخىي ماتېرىياللاردا li-yul يەنى li دۆلىتى دەپ ئاتالغاچقا، خوتەننىڭ ئاھالىلىرى ئىسمىنىڭ ئالدىغا li فامىلىسىنى قوشۇۋالغان. لى(李) دېگەن li-yul دىكى li نىڭ ئاھاڭ تاۋۇشىدۇر⑫.

لېكىن، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئايرىم كىشىلەر«بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى بولغان ۋايسىرۋانا ئۇدۇننىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى بولۇپ، ئۇدۇنلۇقلار ئۆزلىرىنى

ئەزەلدىن ۋايسىرۋانىنىڭ ئەۋلادى، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ، شىمال ئىلاھى ۋايسىرۋانىنى ‹لى› دەپ ئاتاش ئادىتى بويىچە، ۋىيسا خانمۇ ئۆزىنى شىمال ئىلاھى ۋايسىرۋاناغا يېقىن تۇتۇش ئۈچۈن، ‹لى› نى فامىلە قىلىپ قوللانغان»⑬ ، دەپ قارىماقتا. بۇ مەسىلىگە يىن چىڭ ئەپەندى مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە بۇتخانا سالدۇردى، ھەتتا قوشۇن، سودا كارۋانلىرىنىڭ بايرىقىدىمۇ بۇ شىمال بۇددا ئىلاھىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، خەنزۇچىدا بۇ ئىلاھ لى (霾) خېتى بىلەنلا ئاتىلاتتى، بۇنداق رىۋايەت ئەلۋەتتە بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان ئۇدۇن جەمئىيىتىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئۇدۇن خانى ھەتتا بىر قىسىم ئۇدۇن پۇقرالىرىمۇ ئىسمىنىڭ بېشىغا «لى» خېتىنى قوشۇۋالغان، بۇمۇ بەلكىم مۇشۇ رىۋايەت بىلەن ئوخشاش بولسا كېرەك⑭ .

يۇقىرىقى ۋىيسا سامباۋانىڭ «لى» فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك نەقىللەر ۋە پەرەزلەرگە قاراپ مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن: ۋىيسا سامباۋانىڭ «لى» فامىلىسى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خەنزۇ بولغانلىقىدىن ئەمەس، ياكى قانداقتۇر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ناممۇ ئەمەس، چۈنكى «لى» فامىلىسىنىڭ ئۇدۇن خانلىرىدا قوللىنىلىشى تۇنجى بولۇپ لى شېڭتيەندىن باشلانغان⑮ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لى شېڭتيەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ مەزگىلدە بولسا، تاڭ سۇلالىسى ئاللىقاچان خارابلىشىپ، تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ بولغان، بۇنداق شارائىتتا لى شېڭتيەننىڭ يەنىلا ئاللىقاچان خارابلىشىپ قالغان تاڭ سۇلالىسى بەرگەن نامنى قوللىنىشى ئېھتىمالدىن يىراق. بۇنىڭدىن لى شېڭتيەننىڭ «لى» فامىلىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بەرگەن نام ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

618 - يىلى قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسى 755 - ، 762 - يىللىرى يۈزبەرگەن ئەنلۇشەن - شىسىمىڭ توپىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تەدرىجىي خارابلاشتى، 875 - يىلغا كەلگەندە بولسا، خۇاڭ چاۋ قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى بىلەن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگىدەك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، 907 - يىلى ئومۇميۈزلۈك بەربات بولدى.

ۋىيسا سامباۋا 912 - يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاچقا، ‹لى› فامىلىسىنى ئەڭ بۇرۇن دېگەندىمۇ 912 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن قوللانغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا قانداقتۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ياكى ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن دەپ قاراپ «لى» فامىلىسىنى قوللانغان بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «لى» فامىلىسىنى بىر قىسىم ئۇدۇن پۇقرالىرىمۇ قوللىنالىغان، ئەگەر «لى» فامىلىسى خانلىقتىن بېرىلگەن نام بولسا، ئۇنى ئاددىي پۇقرالارنىڭ قوللىنالىشى مۇمكىن ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، لى شېڭتيەن ساك نەسلىدىن بولغان ئىخلاسمەن بۇددا دىنى مۇرىتى بولۇپ، ئۇنىڭ «لى» فامىلىسى تۆۋەندىكىدەك سىياسىي مەقسەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۈرتكىسى ئاستىدا قوللىنىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، لى شىڭتىيەن دەۋرىدە ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە قويۇق بولغان، بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى بولغان ۋايىسىرۋانا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ‹لى› (霾) دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، لى شىڭتىيەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئەتراپتىكى ئۇيغۇر ئىسلام كۈچلىرى ۋە تىبەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشتا يۆلىنىدىغان تايانچقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن «لى» فامىلىسىنى قوللانغان.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنى كۈچلىرى ھەدەپ كېڭىيىۋاتقان شارائىتتا، لى شىڭتىيەن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى بولغان ۋايىسىرۋانانىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى كۈچەيتىشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «لى» فامىلىسىنى قوللانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**ئىزاھلار:**

①⑦ داۋۇت سايىم: «ئۇدۇننىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىش جەريانى» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 2 ـ سان.

② رۇڭ شىنجياڭ: «9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇدۇندىكى مىللەتلەر ھەققىدە تەھلىل»دە نەقىل قىلىنغان، پوللىبلانىڭ «ستايول خالستوي تېزىسلىرى».

③ ئابدۇلئەھەت ئابباس: «ئوردام تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان.

④ يىن چىڭ: «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر» — «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 241 ـ بەت.

⑤⑧⑨⑫⑬⑭ لى يىنپىڭ يازغان، ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمە قىلغان «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ رۇڭ شىنجياڭ: «9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇدۇندىكى مىللەتلەر ھەققىدە تەھلىل» — «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑩ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە)، 1983 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑪ كلىمكېت (گېرمانىيە): «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، 152 ـ 153 ـ بەتلەر.

⑮ يىن چىڭ: «ئۇدۇن ۋىيسا خان جەمەتىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىللىق 2 ـ سان.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن

# يېتۈك سەنئەتكار، تونۇلغان دارۋاز ــ ھاشىم ھاجى


## مۇھەممەت شاۋۇدۇن

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)


دارۋاز ھاشىم ھاجى دېسە، تەكرىتاغ ئەتراپىدىكى كەڭ زېمىندا ياشايدىغان كىشىلەردىن ئۇنى بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇ يۇرتىمىزدىلا ئەمەس، خەلقئاراغا تونۇلغان مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى، ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زات ئىدى. 20-ئەسىردە ئۆتكەن خەلق سەنئەتكارلىرى ئىچىدە تەسىرى چوڭراق، بىر نەچچە خىل سەنئەت ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن بۇ زات يېقىنقى زامان مەدەنىيەت، سەنئەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە سەنئەتخۇمار كىشىلىرىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بۇ يېتۈك سەنئەتكارنىڭ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، بولۇپمۇ كۇچانىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ.

بىز ھاشىم ھاجى بىلەن بىر مەھەللىلىك ئىدۇق. 1958-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى كۇچادا سۇ ئاپىتى بولۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ناسىرخاتىپ ئاخۇنۇم كوچىسى دېگەن بىر تار كوچا بولىدىغان. بۇ تار كوچىنىڭ ئايىغى يېڭى مەھەللىگە يەنى قايماق بازىرىغا تۇتىشاتتى. شۇ چاغدىكى چوڭ كوچا ھېسابلانغان گۈڭگاڭ كوچىسىدىن ناسىرخاتىپ ئاخۇنۇم كوچىسىغا كىرىپ 100 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، جەنۇبقا قايرىلغان قىسقا خالتا كوچا بولۇپ، شۇ كوچىدىكى بىر-بىرىگە تۇتاش ئىككى قورۇ ھاشىم ھاجىلارنىڭ قورۇسى ئىدى. بۇ ئىككى قورۇنىڭ باش تەرەپتىكىسى يەنى شىمال تەرەپتىكىسىدە ھاشىم ھاجىلار ئولتۇراتتى. ئىسمىدە قېلىشىچە، بۇ قورۇ تاملىرى ئاقارتىلغان، تۆت چاسا پىشايۋانلىق، جەنۇب تەرەپنىڭ ئاستى سۇپىلىق، ئىشىك-دېرىزىلىرى گۈل چېقىرىپ سىرلانغان، دېرىزىلىرى قاپقىلىق، چوڭ ئىشىكى دەر پەردىلىك، ئەمما سەيناسى كىچىك قورۇ ئىدى. بۇ قورۇدا گەج بىلەن چىرايلىق ئويۇق، مەرەپ چېقىرىلغان، تورۇسلىرى رەڭمۇ رەڭ گۈل ۋە چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىر مېھمانخانا، بىر ساراي، ئىككى ھوجرا بولۇپ، ھاشىم ھاجى رەپىقىسى ھەمراخاچام، ئوغۇللىرى شىرئەلى، ھەيدەرئەلىلەر ئەر-خوتۇن مۇشۇ قورۇدا ئىدى. بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسى قوش قاناتلىق، يوغان ئىككى تۆمۈر ھالقىلىق دەرۋازا ئىدى. دەرۋازىدىن كىرسەكلا خىش ياتقۇزۇلغان ھويلىغا كىرەتتۇق. ياندىكى يەنى جەنۇبتىكى قورۇدا ھاشىم ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى دارۋاز سىدىق ھاشىم بالا-چاقىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇزۇنچاق، تاملىرى ئىنچىكە سۇۋالغان ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. بۇ ئىككى قورۇنىڭ ئالدىدا يېرىم مو كەلگۈدەك بوش يەر بولۇپ، بۇ يەر سىدىق ھاشىمنىڭ دارۋازلىق، جانبازلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلىدىغان مەشىق مەيدانى ئىدى. بۇ يەردە ھەمىشە دېگۈدەك 4~5 مېتىر ئېگىزلىكتە دار باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ مەيدانىنىڭ بېقىنىدا يەنى شىمال تەرىپىدە ئۇزۇنچاق بىر چوڭ ئۆي بولۇپ، ناسىرخاتىپ ئاخۇنۇم بالا ئوقۇتىدىغان



مەكتەپ ئىدى. بۇ كوچا بويىچە خېلى چوڭ ۋە داڭلىق مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا يىراق-يېقىندىن كەلگەن 60~70 قىز-ئوغۇل ئوقۇيتتى. مەنمۇ شۇ مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇغان. بىز ئاخشاملىرى پات-پات مۇشۇ مەيدانغا كېلىپ، دارۋازلارنى دوراپ موللاق ئېتىشىپ، ئىككى قولىمىز بىلەن مېڭىپ ئوينايتتۇق. سىدىق ھاشىملار بۇ يەردە كۈندە تاڭ سەھەردە مەشىق قىلاتتى، باللىرى ۋە شاگىرتلىرىنى ناھايىتى قاتتىق مەشىق قىلدۇراتتى. مەن بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ پۇتۇن بەدىنىنىڭ چىپ-چىپ تەرگە چۆمۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەن ھالەتتە قاتتىق مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز بارمىقىمنى چىشلىگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ھەر خىل مەشىق ھەرىكەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بىرەرسى بىرەر ھەرىكەتنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىسا، سىدىق ھاشىم ئۇنىڭ ھالىدىن كېتەي دېگىنىگە قارىماي قاتتىق قوللۇق بىلەن قايتا-قايتا قىلدۇراتتى.


ھاشىم ھاجى

ھاشىم ھاجى ئۇزۇنچاق يۈزلۈك، ياز كۈنلىرى بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق چۆچۈنكە يەكتەك، كۈزدە بەقەسەم تون، قىش كۈنلىرى قاما تۇماق، كۆكۈش چەكمەن تون، مەسە-كالاچ كىيىپ يۈرىدىغان، ئىككى ئۇچى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان چاشقان بۇرۇت قويۇۋالىدىغان، لېكىن دائىم ساقىلىنى قىردۇرۇپ پاكىز يۈرىدىغان سالاپەتلىك، مەدەنىي، چېچەن كىشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىلچە سۈرى، كىبىرى يوق ئىدى. مىجەزىنىڭ ئوچلۇقلۇقى، توغرا سۆزلۈك، قولى ئوچۇق مەرد-مەردانىلىقى، كۆيۈمچانلىقى، پەزىلىتىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن ئەل-جامائەت ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇ كوچىدىكى يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى، مۆتىۋەر زاد ھېسابلىناتتى. توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپ سورۇنلىرىغا بارغاندا سالاپىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئاق كۆڭلەك، كاستيۇم كىيىپ، ئالا-بۇلماچ گالستۇك تاقاپ، پۇتىغا مايلاپ پارقىرىتىلغان بەتىنكە كىيىپ باراتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ كوچادا مۇشۇنداق ئالاھىدە كىيىنىپ يۈرىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئۇنى كىشىلەرگە ئاجايىپ سالاپەتلىك، ئۇلۇغ سۈپەت كۆرسىتەتتى. ئۇ شۇ چاغلاردا سەكسەنگە يېقىنلاشقىنىغا قارىماي، تولىمۇ تېتىك، روھلۇق ئىدى. يۈزلىرىدە قورۇق بولمىغاچقا پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايى 60 ياشلىق كىشىنىڭكىدەك كۆرۈنەتتى. ماڭسا يوغان-يوغان چامداپ دوك-دوك ماڭاتتى. ھەرىكەتلىرى چەبدەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆپىنچە ساتار كۆتۈرۈپ، ئىسكىرىپكا، چاڭ كۆتۈرگەن شېرئەلى، ھەيدەر ئەلىلەر بىلەن نەغمە قىلغىلى ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. بۇ ئاتا-باللار ھەمىشە پىيادە ماڭاتتى. ئۇلار كوچا شەھىرىنىڭ ئاۋات سودا كوچىلىرىدىن بىرى بولغان رەستىدىكى مەھەممەت تاز، يۈسۈپ ئاخۇن، نان بازىرىدىكى شىمىراخۇن قاتارلىق دۆۋكار ئۇستىلارنىڭ چوڭ ئاشپۇزۇللىرىدا نەغمە قىلاتتى. بۇ يەردە ئاتا-بالا سازەندىلەر ساتار، ئىسكىرىپكا، چاڭ، داپ قاتارلىقلار بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ توققۇز مۇقامىغا نەغمە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مۇقام ناخشىلىرىنى ئېيتىپ قىلغان نەغمىسى بۇ ئاشپۇزۇللاردا زور داغدۇغا پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن كىشىنى جەلپ قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئاشپۇزۇللارنىڭ خېرىدارلىرى كۆپ ئىدى. كىشىلەر يىراق-يىراقلاردىن بۇ ئاشپۇزۇللارغا كېلىپ، مېزىلىك تائاملارنى يېگەچ نەغمە-ناۋادىن ھوزۇرلىناتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاشپۇزۇللار سەھنە قاتارلىق مەخسۇس سەنئەت سورۇنلىرى بولمىغان زامانلاردىن تارتىپ مۇقام نەغمىلىرىدىن، ئېسىل ناخشا-ساز، نەغمە-ناۋادىن ھوزۇرلىنىدىغان سورۇن بولۇپ كەلگەنىدى. يەنە بىر

جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ يەر ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامىنى، كۇچا ناخشىلىرىنى، شۇنداقلا باشقا يۇرتلارنىڭ كونا - يېڭى ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىتىش، تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش سورۇنى ئىدى. كۇچا تارىختا مەدەنىيەتلىك يۇرت، سەنئەت ماكانى، بولۇپمۇ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، بۇ يەرگە كېلىدىغان كارۋانلار، سودىگەرلەر، يولۇچىلار، ساياھەتچىلەر كۆپ ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەنلەر ياكى بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر نەغمە - ناۋا قىلىنىدىغان ئاشپۇزۇللارغا ئالايىتەن كىلىپ، بۇ يەردە كۇچانىڭ ئۆزگىچە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، مېزىلىك تائاملاردىن ھوزۇرلانغاچ ھاشىم ھاجىلارنىڭ ئېسىل نەغمىسىنى ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىشقا تېخىمۇ بەكرەك خۇمار ئىدى. ئۇلار بۇ ئاشپۇزۇللارغا بىر كىرىپ چىقسا، نەغمە - ناۋاغا بولغان تەشنالىقى قېنىپ، ئىچ پۇشۇقى، سەپەر ھاردۇقى تۈگىگەندەك بولۇپ يايراپ كېتىشەتتى. ئۇلارغا تاماقنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىدىن نەغمە - ناۋانىڭ ھوزۇرى ئەۋزەل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كۇچادىكى ئاشپۇزۇللارنىڭ داڭقى چىقىپ، ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، كەشمىر، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەرمۇ كىرمەي ئۆتمەيدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان. ئاڭلىشىمچە، كۇچا ئاشپۇزۇللىرىغا كىرىپ نەغمە - ناۋا ئاڭلىماي كەتكەن كىشىلەر ئارمان بىلەن كېتەرئىكەنمىش.

ئاشپۇزۇللاردا نەغمە قىلىش ھاشىم ھاجىلارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە ئەتىياز مەزگىللىرىدە دار باغلاپ دار ئوينايتتى. نورۇز بايرىمى، ھېيت - ئايەم بولغان داغدۇغىلىق كۈنلەردە دار ئويناش بىلەن بىللە ھەر خىل جانبازلىق، سېرىك، سەنئەت ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، بايرام، ھېيت - ئايەملەرنى تېخىمۇ قىزىتىپ، ئەل - جامائەتنى خۇش قىلاتتى. بۇنداق كۈنلەر توي ئۈستىگە توي بولغاندەك تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى.

ھاشىم ھاجىلار ئائىلىسى كۇچا خەلقىنىڭ شاتلىق ئەلچىلىرى ئىدى. سىدىق ھاشىم دارغا چىقىپ، ئېگىز دار ئۈستىدە، تاختاپەردە، چىغرىقتا ھەيران قالارلىق ئاجايىپ يۇقىرى ماھارىتىنى كۆرسەتسە، ھاشىم ھاجى تۆۋەندە تۇرۇپ سۇناي چېلىپ تەڭكەش قىلاتتى. ھاشىم ھاجى گويا پۈتۈن دار ئويۇنىنىڭ، نەچچە مىڭ ئادەم يىغىلغان كەڭ مەيداننىڭ چوڭ قوماندانى، ھازىرقى كەسپىي ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا رېژىسسورى ئىدى. ھەر قېتىملىق دار ئويۇنى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇشۇنداق دار ئويۇنلىرىنىڭ كۆپلەپ ئوينىلىشىغا ئەگىشىپ، ھاشىم ھاجىلارنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابروي - ئىناۋىتى ئۆسۈپ، كىشىلەر ئاغزىدا ئەۋلىيا سۈپەت تەرىپلىنىدىغان بولۇپ كەتكەن، دار ئويۇنىنىڭ تەسىرى چوڭىيىپ كەتكەنىدى. كۇچادا ھاشىم ھاجىلار دار ئويۇنى ئوينايدىكەن دېگەن خەۋەر تارقالسا، كىشىلەر يىراق يېزا - قىشلاقلاردىن، ھەتتا توقسۇ، شايار، باي، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردىن ئات - ئۇلاغلىق، ھارۋىلىق كېلىپ، دار ئويۇنى كۆرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلەتتى. بۇنداق كۈنلەردە كۇچا تەۋرەپ كەتكۈدەك داغدۇغا قوزغىلىپ كېتەتتى. شۇڭا كىشىلەر، ھاشىم ھاجى دار باغلىسا، پۈتۈن يۇرت قوپۇپ كېتەر، دېيىشەتتى.

مەنىۋى تۇرمۇش ئىنتايىن گاداي بولغان ئۆتمۈشتە بىر قېتىم دار ئويۇنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ئىدى. بەزى كىشىلەر بۇنى ئۇزاققىچە ھېكايە قىلىشىپ ئېغىزدىن چۈشۈرمەيتتى. چۈنكى ئېگىز داردا كۆرسىتىلگەن ئاجايىپ ماھارەتلەر ئۇلارغا نىسبەتەن ئىنسان بالىسىغا ئاز نېسىپ بولىدىغان كارامەت، بىرەر قېتىم كۆرۈشمۇ ئادەمگە ئاسان نېسىپ بولمايدىغان ئامەت بىلىنەتتى. بۇ چاغدا دار ئويۇنى كۇچا ساي بويىدىكى مەيداندا ئوينىلاتتى. شۇ چاغلاردا مۇنداق قوشاقلار چىققان ئىكەنمىش:

دار ئويۇنى قىزىپتۇ،
ساي بويىدا مەيداندا.
داردا ماڭسا دارۋازلار،
جەلقۇ ئالەم ھەيراندا.

دارۋاز قانداق ماڭغاندۇ،
پىلسىراتتەك داردا.

www.uyghurkitap.com

ماڭىدىكەن كۆزنى،
يۇمۇۋىلىپ ئارىدا.
جۇرۇڭ بىرىپ كۆرەيلى،
كۆرمىگەنلەر ئارماندا.

هاشىم هاجى ئۆگەتكەن،
بالىسىغا كارامەت.
دەرت كۆرمىسۇن دارۋازلار،
خۇدايىمغا ئامانەت.

*　　*

هايات نەپەسسىز بولماس، كۆڭۈل ھەۋەسسىز.

هاشىم هاجىنىڭ هاياتى سەرگۈزەشتىگە باي ئاجايىپ هايات. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى نەچچە قىسسە، هېكايىگە يېتىپ ئاشىدۇ. هاشىم هاجى نەچچە ئەجدادىدىن تارتىپ سەنئەت بىلەن ئۆتكەن سەنئەتكارلار ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇن داڭلىق سەنئەتكار، يېتۈك مۇقام ئۇستىسى ئىدى. ئۇ ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب، قالۇن، چاڭ، ناغرا، سۇناي قاتارلىق بىرنەچچە خىل سازغا كامىل سازەندە بولۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى، خوتەن، كېرىيە، قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا ناخشىلىرىغا ماھىر كاتتا سازەندە، نۇرغۇن سازەندىلەرگە ئۇستاز بولغان كىشى ئىدى. هاشىم هاجى 1868-يىلى يەنى بۇنىڭدىن 140 يىل ئىلگىرى قاراقاش ناهىيىسىنىڭ بازارئىچى تانايىپىشى مەھەللىسىدە سەنئەتكار ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. غەربىي يۇرتىنىكى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئۇدۇن(خوتەن)نىڭ قاراقاش ناهىيىسى مەدەنىيەت تۆپرىقى ناهايىتى مۇنبەت، ئىنتايىن باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، نۇرغۇنلىغان داڭلىق سەنئەتكارلار يېتىشكەن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خاسىيەتلىك ماكان. بۇ يەردە تۇرمۇش ئەزەلدىن سەنئەت بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن. قاراقاش خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەنئەت شەكىللىرى بولغان ئولتۇرۇش، مەشرەپلەر ۋە ئۇلارغا بىرىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز سەيلىسى، چېلىشىش سەيلىسى، كەكلىك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى قاتارلىق سەيلىلەر، بەزمە، باراۋەت قاتارلىق ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ھەمدۇللا ئاخۇنسىز ئۆتكۈزۈلمەيتتى. ئەل ئىچىدە ئەۋج ئالغان بۇنداق سەنئەت پائالىيەتلىرى سورۇنى سەنئەتكارلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولۇش بىلەن بىللە ياش ھەۋەسكارلار، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مەكتىپى ئىدى. سورۇنلاردىكى ئۇستازلارنىڭ ئەمەلىي تەربىيىسى، تەلىمى نۇرغۇنلىغان گۆدەكلەر ۋە ياشلارنىڭ قەلبىگە شەبنەمدەك شەپىسىز سىڭىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەنئەت بىخلىرىنى مايىسا، كۆچەت قىلىپ يېتىشتۈرگەن. هاشىم هاجى كىچىكىدىن باشلاپلا دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇن بىلەن ئاشۇنداق سورۇنلاردا بىللە بولۇپ، سەنئەت هاۋاسى بىلەن نەپەسلىنىپ، سەنئەت قىيامىنى تېتىپ، سەنئەت شەربەتلىرىنى ئىچىپ، سەنئەت گۈلزارىدا پەرۋىش قىلىنغان. «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم». ئوغلى هاشىمنىڭ گۆدەك ۋاقتىدىن تارتىپ ۋۇجۇدىدىكى سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق، تالانتىنىڭ ئۈندۈرمىسىدىن ئۇنىڭ كەلگۈسىنى بايقىغان ھەمدۇللا ئاخۇن ئۇنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ تولۇق ساۋاتلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۆيىدە بىر قوللۇق تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ماھارەتلىرىنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ پىششىق ئۆگەتكەن. نەتىجىدە هاشىم هاجى 15 ياشقا كەلگەندە ماھىر سازەندە بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئەل-جامائەت ئىچىدە تونۇلۇپ، ھەممىنى زوقلاندۇرىدىغان بالا سازەندە بولۇپ، دادىسىنىڭ ياخشى ئىز باسارى بولغان. شۇ چاغدىن باشلاپ نامى چىققان هاشىم هاجى زور ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، سورۇنلاردا رەسمىي سازەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا خوتەندە دارۋازلىق تەرەققىي قىلىپ كۆپلىگەن دارۋازلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار خوتەندىن پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ، يۇرت-يۇرتلاردا دار ئويناپ داڭ چىقىرىپلا قالماي، تەڭرىتاغ، پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگە يۈزلىنىپ، ھىندىستان، پاكىستان، ئىراق، ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردە دار ئويۇنى

ئويناپ داڭ چىقارغان. ئۇلار بۇ ئەللەردە نۇرغۇن پۇل تېپىپ، شۇ يەرلەردىكى كۆۋرۈك، مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىغا، كەمبەغەل، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مېيىپلارغا خەيرى-ساخاۋەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. دارۋازلىق ماھارىتىنىڭ داڭقى بىلەن خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىدىكى سېخى، مەردانىلىقى قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاتىقى چىقىپ، نام-شۆھرىتى يىراق-يېقىنغا كەڭ تارقالغان. بارغانلا يېرىدە ئەل-جامائەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ھىممىتىگە باركاللا ئوقۇشقان. ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى ئېغىزدىن ئېغىزغا ھېكايە قىلىپ ماختىغان. ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردە تاپقان يۈز-ئابرويى ۋە نام-شۆھرىتى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كەڭ تارقىلىپ خوتەن، قاراقاشلارغىمۇ يېتىپ كەلگەن. بۇ ئىش ئەل ئارىسىدا دارۋازلىققا باشقىچە قىزىقىش پەيدا قىلىپ، دارۋازلىق قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. ياش ھاشىم ھاجىدا دار ئۆگىنىپ، دارۋاز بولۇش ئىستىكى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دارۋازلىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئىككى يىل ئىجتىھات بىلەن قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جانبازلىق ماھارىتى، يەر يۈزى ماھارىتى، چەۋەندازلىق ماھارىتى، ھاۋا بوشلۇقى ماھارىتى، ھەييارلىق(سېرىكچىلىك) ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا دارۋازلىق ماھارىتىنى ئىگىلەپ، داردا بىمالال مېڭىپ، ھەر خىل قىيىن ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىغان دارۋاز بولۇپ يېتىشكەن. 17 يېشىدا قاراقاش ناھىيىسىدە دار ئويناپ، چىۋەرلىكى ۋە پۇختا ماھارىتى بىلەن دارۋاز ئۇستازلىرى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. پېشقەدەم ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ باركاللا ئوقۇشقان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ دارۋازلىق ھاياتى باشلانغان. ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دارۋاز بولۇپ، دارۋازلىق گۇرۇپپىسى قۇرغان. بۇ گۇرۇپپا خوتەن تەۋەسىدە نۇرغۇن يەردە دار ئوينىغان، كېيىن پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ يۇرتمۇ يۇرت ئويۇن قويۇپ، دارۋازلىقنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ھاشىم ھاجى ئەل ئىچىدە تېخىمۇ تونۇلۇپ، داڭقى يىراق-يېقىنغا تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇلار بۇ جەريانىدا تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ماھارىتى ۋە پائالىيىتىنى تولۇقلاپ ۋە تېخىمۇ بېيىتىپ، سەۋىيىسىنى بارغانسېرى ئۆستۈرگەن. بەزى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ھاشىم ھاجىنىڭ دارۋازلىق گۇرۇپپىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەر ئارقا-ئارقىدىن تەكلىپ قىلغان. دېمەك، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ كۆزى چۈشۈشكە باشلىغان. ھاشىم ھاجى تەكلىپكە بىنائەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە بېرىپ، ئۇ ئەللەرنىڭ چوڭ-كىچىك شەھەرلىرىدە ئارقا-ئارقىدىن دار ئويناپ زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ماھارىتى نۇرغۇن ئادەملەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان. بۇ جەريانىدا ھاشىم ھاجى بۇخارا ئەمىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. ھاشىم ھاجى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، كابۇل، كاراچى، بومباي قاتارلىق شەھەرلەردە دار ئوينىغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە تارقالغان. ھاشىم ھاجى زىيارىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىران، ئىراقلارغىچە بېرىپ، بۇ ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىدە دار ئويناپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار بارغان ئەرەب ئەللىرىنىڭ خەلىپە، ئۆلكە باشلىقلىرى، ۋالىيلىرى ھاشىم ھاجىنى قوبۇل قىلىپ، سوۋغا ئىنئام قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىنى چەت ئەللەرگە تونۇتقان ۋە ئۇ يەرلەردە «ھاجى دارۋاز» دەپ نام چىقارغان.

ھاشىم ھاجى 1890-يىللىرى يۇرتى قاراقاشقا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئاتا-ئانىسى قازا قىلىپ كېتىپ، ئاچا-سىڭىل، ئىنىلىرى قالغانىدى. ھاشىم ھاجى ئائىلىسىنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان سەنئەت چوغىنى يېلىنجىتىپ، ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ، ئاچا-سىڭىل، ئىنىلىرىنى ئاتا كەسپىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا يېتەكلىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئاتىسى ھەمدۇللا ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە خېلى يېتىشكەن سازەندىلەر ئىدى. ھاشىم ھاجى ئۇلارغا دارۋازلىق، جانبازلىق، چەۋەندازلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ تەربىيىلەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن ئائىلىنى سەنئەتكارلار ئائىلىسىگە ئايلاندۇردى. بۇ ئائىلىدىكى داڭلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇقامچى، ماھىر تەمبۇرچى ئايمخان ھاجى، ساۋۇتخان، داۋۇتخانلار ھاشىم ھاجىنىڭ غوللۇق تايانچى بولۇپ قالدى. ئۇلار ھاشىم ھاجى باشچىلىقىدا سەنئەت مەيدانىدا كارامىتىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە يېڭىچە روھ، خۇشاللىق ئاتا قىلىپ ئەلنى سۆيۈندۈردى، خەلق ئۇلارغا بارىكاللا ئوقۇدى، لېكىن ھاشىم ھاجى باشچىلىقىدا كۈندىن-كۈنگە جانلىنىۋاتقان سەنئەت پائالىيەتلىرى مۇستەبىت ھۆكۈمەت ۋە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرگە ياقمىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، سەيلە، سورۇن، چايخانا ئولتۇرۇشلىرى، بەزمە، باراۋەتلەردە ساز چېلىش، ناخشا-غەزەل ئېيتىشنى چەكلىدى، بارا-بارا دار ئويناشنىمۇ چەكلىدى. دۇنيا كېزىپ نۇرغۇن ئەللەرنى ئايلىنىپ، جاھاننىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋەر تاپقان، بولۇپمۇ ئىلغار يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەت، پەن- مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھاشىم ھاجى ئۆز تەسىراتىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئۇ ۋائىزلىق باھانىسى بىلەن جامائەت توپلاشقان سورۇنلاردا سۆزلەپ، ئاممىنى نادانلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ ئويغىنىشقا ئۈندىدى. بۇ ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. نەتىجىدە ھاشىم ھاجى بارغانسېرى بېسىم ۋە چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئىچى سىقىلىپ، نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، ئاخىرى ئانا يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟

شۇنداق قىلىپ، مۇساپىرلىق ھاشىم ھاجىنىڭ بېشىغا كەلدى. تەقدىر ئۇنى زەھمىسىزلىك بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىدى. ئۇ «ئالەمگە كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار» دېگەندەك، ئۇ جاھالەتلىك زامانىنىڭ دەرت-ئەلىمى دەستىدىن يىراق-يىراقلارغا كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئاخىرى يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىش قارارىغا كېلىپ، 1910-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە دارۋازلىق گۇرۇپپىسى ۋە بالا-چاقىلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلدى. جاھاننىڭ ئىشىكى كەڭ. ئۇ يۇرتىدا چەتكە قېقىلىپ خارلانغان سەنئەتكار بۇ يەرلەردە ئەتىۋارلىنىپ ئالاھىدە قارشى ئېلىندى. ئەل-جامائەت ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، ئىززەت-ھۆرمەت ياغدۇردى. ھاشىم ھاجىنىڭ ماھىر دارۋازلىرى دەم ئېلىش كۈنلىرى مەيدان راسلاپ دار باغلاپ دار ئوينىسا، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلىشىپ، چايخانىلاردا نەغمە قىلىپ، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۇ يۇرتلارغا تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ناخشا-مۇزىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت بايلىقىنى بېيىتتى.

ھاشىم ھاجىلار ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، روسىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن پېتربورگ، موسكۋاغىچە بېرىپ، بۇ يەرلەردىمۇ دار ئوينىدى. موسكۋادا دار ئوينىغاندا، دارۋاز يولداش ئاخۇن موسكۋانىڭ 11-ئايدىكى سوغۇق ھاۋاسىدىن قورقماي دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بىراق دار ئۈستىدە قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەچكە، كېيىن كېسەل بولۇپ قازا قىلغان.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھاشىم ھاجى سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە دارۋازلىق ماھارىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. قاسىم دورغابەگ، ئىمىن قاپپاش، ئابدۇرېھىم چاڭ، سەمەت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، پەرغانىدە مەشھۇر پەرغانە قانىلى قېزىلغاندا، ھاشىم ھاجىلارنىڭ ناغرا-سۇناي بىلەن ئورۇندىغان ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرى قانال قازغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، ئىش مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ئاشۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر رايونلىرى ۋە ئۆزبېك رايونلىرىدا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ھاشىم ھاجى ئۇستازلىق رول ئوينىغان. ئۇنىڭ ناغرا-سۇنايدىن تارتىپ تەمبۇر، دۇتار، ساتار، قالۇن قاتارلىق سازلارغىچە كارامەت ۋايىغا يەتكۈزۈپ

چالىدىغان ئاجايىپ تالانتى ئۇ يەردىكى سەنئەتكارلارنى بۇ زاتنى پىر-ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلتۈرگەن. ئۇلار هاشىم هاجىدىن ئۆگەنگەنسېرى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز يېتۈك سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. هاشىم هاجى ئەرەب ئەللىرى، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردە زىيارەتتە بولغان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئېسىل مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ بۇ مۇزىكىلارنىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن چېلىپ، شۇ يەردىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بۇمۇ ئۇلارنىڭ هاشىم هاجىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرغان. ئۇلار هاشىم هاجىنى «بىزگە ئاللا يەتكۈزۈپ بەرگەن پىر-ئۇستاز» دېيىشكەن. هاشىم هاجىنىڭ 20 يىللىق هاياتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە دار ئويناش، ئويۇن قويۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش، تارقىتىش، چەت ئەللەرنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت-سەنئەت جەۋھەرلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش قاتارلىق خاسىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكەن.

هاشىم هاجى 1930 - يىلى 62 يېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يېقىن سەپداشلىرى ۋە 1910 - يىللىرى كۇچادا بولغان مەزگىللىرىدە ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مامۇت ئاخۇن، بىلال ئاخۇن، بايىز ئاخۇن سىېتە، ئىبراھىم تەمبۇر، ئەلنەغمىچى زەيتۇنخان، دىلەيىسخان، ھېزىم ئاخۇن، ھېلىم سېلىم قاتارلىق ياش سەنئەتكارلارنىڭ تەكلىپى ۋە ئارزۇسى بىلەن كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. قەدىمي سەنئەت، مەدەنىيەت ماكانى بولغان كۇچا ئۇنىڭغا ئۆز باغرىدىن كەڭ ئورۇن بېرىپ ئۇنى ئەزىزلىدى. هاشىم هاجى شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يۇرتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ماكانلىشىپ قالدى.

1931 - يىلى تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى باش كۆتۈردى. بۇ چاغدا هاشىم هاجى بۇ تەشەببۇسقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا داموللا(نەئىمى)نىڭ تىياتىر قۇرۇش توغرىسىدىكى مۇراجىئەتنامىسىنى قىزغىن قوللىدى. ئۇ كۇچادىكى بىر بۆلۈم ئىلغار خەلق سەنئەتكارلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى يېتەكلەپ ئاقسۇغا كېلىپ، ئابدۇللا داموللىغا يېقىندىن يار-يۆلەك بولۇپ، ئاقسۇدا تىياتىرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە دەسلەپكى نومۇرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىپ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا ئاكتىپ كۈچ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاقسۇ تىياتىرىنىڭ ئاساسى تىكلىنىپ، ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى يول ئېچىلدى. بۇ تىياتىرنىڭ بارلىققا كېلىشى مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇپلا قالماي، ماركسىزم، لېنىنىزملىق ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى ئويغىتىش، قالاقلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

هاشىم هاجى تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ياقلايدىغان، ئىلغار ئىدىيىلىك بولۇپلا قالماي، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە زات ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە دۆلەت، مىللەتنىڭ بېشىغا بالايى-ئاپەت يېغىپ، دۆلەت مۇنقەرزلىك خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، هاشىم هاجى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى. بۇ چاغدا هاشىم هاجى سەنئەتنى قورال قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا لەنەت ئوقلىرىنى ياغدۇردى. شىرئەلى دادىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان بىر خاتىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاشۇ دەۋرلەردە دادام هاشىم هاجى ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزىپ چىققان ‹يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىكى› ، ‹قاناتلىق يولۋاس› ناملىق جۇڭگو پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئىنقىلابىي مەزمۇندىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى بىر قانچە جايدا ئوينىغاندا، مەنمۇ بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشقان» . يەنە شىرئەلى قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىدە دېيىلىشچە، 1939 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لىن جىلۇ كۇچاغا هاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ هاشىم هاجى ئائىلىسى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشكەن. لىن جىلۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتە

قان كېچىپ كۆرەش قىلىۋاتقان جوڭگو پارتىزانلىرىغا ياردەم بېرىش، ئىئانە توپلاشنى تەشەببۇس قىلغاندا، هاشىم هاجى ئائىلىسىدىكىلەر دەرهال هەرىكەتكە كېلىپ، دار ئوينىغان سورۇنلارنى تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاممىغا ئىئانە توپلاش هەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە هاشىم هاجى بىر قانچە ۋىلايەت، ناهىيىدە ئويۇن قويۇپ توپلىغان مەبلىغىدىن يۈز نەچچە مىڭ يۈەن پۇل، ئون نەچچە سەر ئالتۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە قىلغان. لىن جىلۇ هاشىم هاجىنىڭ بۇ روهىنى قىزغىن تەقدىرلەپ، ئۇنىڭ ئىسمىلىكىنى يەنئەنگە مەلۇم قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

هاشىم هاجىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت جەهەتتە ئوينىغان رولى هەققىدە گەپ بولغاندا، ئەهۋالدىن بىر قەدەر تولۇق خەۋەردار كىشىلەر هاشىم هاجىنى ئەسلەپ، ئۇ مىللىتىمىز ۋە يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىسى ئىدى، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە بۇ گەپ توغرا. بۇنداق دېيىشتە هاشىم هاجىنىڭ ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش، تارقىتىشتا ئوينىغان رولى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ يۇرتىمىزغا تارقاتقانلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىق بىلەن يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، كۇچا ناخشىلىرىنى باشقا يۇرتلارغا تارقاتقانلىقىمۇ مۇهىم سەۋەب بولغان. ئۇ 1930-يىلىدىن كېيىن كۇچادا ماكانلىشىپ ئاساسەن كۇچادا ياشىغاچقا، كۇچا ناخشىلىرى بىلەن كۆپ تونۇشتى. ئۇ بۇ جەرياندا كۇچا ناخشىلىرىنى كۆپ ئېيتىپلا قالماي، ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش، بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇهىم رول ئوينىدى. قاتناش-ئالاقە قۇلايسىز، هازىرقىدەك رادىئو-تېلېۋىزىيىگە ئوخشاش تارقىتىش ۋاستىلىرى بولمىغان ئاشۇ زاماندا هاشىم هاجى كۇچا ناخشىلىرىنى باشقا يۇرتلارغا تارقىتىشتا هەممىدىن مۇهىم رول ئوينىغان. هاشىم هاجىنىڭ ۋاستىسى بىلەن «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟»، «لېۋەن دادەي»، «ئاپتاپتەك ئاي يۈزۈڭگە»، «گۈليار-گۈليار ئەمەسمۇ»، «بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن»، «ئاللا يارىم»، «ئاتلارنى هەيدەيدىكەن مۇز داۋان بىلەن»، «چىرايلىق»، «مەن دېمىدىممۇ دېمىدىممۇ»، «سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ»، «يۈرەكىم چاك-چاك بولدى»، «ئاه ئۇرارمەن»، «ئويناڭ بەختى بار باللار» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۇچا ناخشىلىرى باشقا يۇرتلارغا تارقالدى، بەزىلىرى يەرلىشىپ، شۇ يۇرتلارنىڭ ناخشىلىرى بولۇپ سىڭىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە هاشىم هاجىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى بىلەن كۇچادا كۆپلىگەن سازەندىلەر، نەغمىكەشلەر، مۇقامچىلار ۋە ناخشىچىلار يېتىشتى. چالغۇ ئەسۋابلىرى قىس ئەشۇ شارائىتتا هاشىم هاجى ئۆزى بىرنەچچە ئەسۋابنى ياساپ، هاجەتمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كۇچا ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىدە هاشىم هاجىلارنىڭ ئۆچمەس تۆهپىسى بار.

* *

هەممىگە مەلۇم دارۋازلىق تەڭشەك كۆتۈرۈپ، ئارغامچىغا دەسسەپ 4~5 مېتىردىن 10 مېتىرغا يېقىن ئېگىزلىكتىكى مۇئەللەقتە مېڭىپ يۇقىرى ماهارەت كۆرسىتىدىغان، خىيىم-خەتىرى كۆپ، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ هەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغان، خۇددى پىلسىراتتىن ئۆتكەندەك ئىنتايىن خەتەرلىك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، هەر بىر قەدەمنى تولىمۇ ئېهتىيات بىلەن ئىنتايىن تەستە بېسىپ مېڭىپ مۇشەققەتتە ئۆتكىلى بولىدىغان، جاهاندا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان قىيىن كەسىپ. ئۇ ئۆلۈمدىن، خىيىم-خەتەردىن قورقمايدىغان ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىگە، قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان پىداكارانە روهقا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دارۋازلىقنىڭ تەلىپى تولىمۇ قاتتىق. ئۇنىڭ قاتتىق تاللىشىدىن ئۆتۈپ، پەۋقۇلئاددە ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ كەسىپنىڭ ئىنچىكە، مۇشەققەتلىك ماهارىتىنى تولۇق ئىگىلەپ، ياخشى دارۋاز بولالايدىغانلار بەكمۇ ئاز، بولۇپمۇ كامالەتكە يەتكەن ماهىر دارۋاز بولۇپ يېتىشەلەيدىغانلار تېخىمۇ ئاز. سىدىق هاشىم ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. هاشىم هاجىنىڭ چوڭ ئوغلى، قابىل ۋارىسى، مەشهۇر دارۋاز سىدىق

ھاشىمنىڭ نامى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ كىشىلەرگە تولىمۇ تونۇش. يۈز ياشقا يېقىنلىشىپ ئۆمۈر چولپىنى بولۇپ قالغان بۇ قىممەتلىك زات دادىسى ھاشىم ھاجىنىڭ قاتتىق قوللۇق تەربىيىسى بىلەن يەتتە يېشىدىن باشلاپ دارۋازلىق، ھەييارلىق(سېرىك) ئۆگىنىپ، دارۋازلىق مەيدانىغا قەدەم قويغان. سىدىق ھاشىمنىڭ ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 1917 - يىلىدىن باشلاپ سېرىك، داردا مېڭىش، چىغرىق ئويناش، موللاق ئېتىش، مۇزىكا چېلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، دادىسى ھاشىم ھاجىنىڭ قاتتىق تەربىيىسىدە 13 يىللىق قاتتىق مەشىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، پىششىق ماھارەت ئىگىلەپ، دادىسىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، 1930 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ دەرۋازىسىدا سىناق تەرىقىسىدە تۇنجى قېتىم دار ئوينىغان. ئۇ تۇنجى قېتىم دار ئۈستىدە مېڭىش، چىغرىق ئويناش، موللاق ئېتىش ماھارەتلىرىنى تەمتىرىمەي ئۇستىلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن سىدىق ھاشىم دادىسى ھاشىم ھاجى ۋە ئەلنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ، ماھىر دارۋازلىق لاياقىتىگە ئىگە بولغان. شۇ كۈنلەردىن باشلاپ بۇ 20 ياشلىق ياش دارۋاز ئەلگە تونۇلۇپ، «سىدىق دارۋاز» دەپ نامى چىقىشقا باشلىغان. سىدىق ھاشىم دارۋازلىق بوسۇغىسىغا ئەنە شۇنداق قەدەم قويغان. ئۇزۇن يىللىق چەت ئەل سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن ھاشىم ھاجى قەشقەردىن كۇچاغا كېلىپ، شۇ يىلى كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ، بۇ يۇرتتا ماكانلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا ھاشىم ھاجى ياشىنىپ 62 ياشقا كىرىپ قالغانىدى.

خانتەڭرى ئالدىدا كىچىك دۆڭ مۇزارت،
سەپەردە بىر ئۆتەڭ بىلگەندۇ ئەۋلاد.
ئۆتكەللەر، پەللىلەر تولا ئالدىدا،
ئىرادە، ئارزۇلار ئىنسانغا قانات.
يول ئۇزۇن، مەنزىلى بۈيۈكتىن بۈيۈك،
ئۆرلەيدۇ تىنىمسىز ھايات، ئىجتاھات.
بولغۇسى تاغ ھالقىپ پەلەك ئەركىسى،
ئەجدادلار تۇغىنىڭ ۋارىسى ئەۋلاد.

ھاشىم ھاجى بىردىن بىر ئۈمىدلىك شاگىرتى سىدىق ئاخۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئوغلىغا يەتتە ياش ۋاقتىدىن 20 ياشقا كىرگىچە بولغان 13 يىل جەريانىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئوغلىنى تەربىيىلەش، ھەر بىر ماھارەتنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىتىش، قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇش پۈتۈنلەي رىقابەت، خىرىس ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان چەت ئەل مەيدانلىرىدا بولدى. ھاشىم ھاجى ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىزىنى بېسىشىنىلا ئەمەس، ئۆزىدىنمۇ يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەپ، ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى، ھەرقايسى ئەللەر ۋە زاماننىڭ تەلىپىگە لايىق تېخىمۇ ماھىر دارۋاز بولۇپ يېتىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئوي-خىيالى شۇنىڭدا ئىدى. ئوغلىنىڭ يارباغ دەرۋازىسىدا دەسلەپكى قەدەمدىلا دار ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇق ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ماھارەت كۆرسىتىشى ھاشىم ھاجىنى ئالەمچە خۇش قىلىۋەتكەنىدى. مەيداندىكى ئالقىش سادالىرى، «بارىكاللا»، «ئاپىرىن»، «يارايدۇ»، «كارامەت» دېگەندەك چۇقانلارنى ئاڭلىغانسېرى كۆڭلى يايراپ، خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. ئوغلى چۇقان-سۈرەنلەر ئىچىدە دار ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەندە مۇبارەكلەپ، ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولۇپ، «بارىكاللا ئوغلۇم، يارايسىز» دەپ رەخمەت-ھەشقاللا ئېيتىپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى. ئاشۇ كۈنى ھاشىم ھاجى ۋە سىدىق ئاخۇنىنىڭ ئۆمۈر خاتىرىسى، دارۋازلىق شەجەرىسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى، ئۇلارنىڭ دارۋازلىق ھاياتىدا بۇرۇلۇش بولدى. ھاشىم ھاجىنىڭ 1885 - يىلى 17 يېشىدا قاراقاش ناھىيىسىدە باشلىنىپ، 45 يىل دار ئۈستىدە ئۆتكەن دارۋازلىق ھاياتى شۇ كۈنى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ياش دارۋاز سىدىق ئاخۇن ئالدى، يېڭى بىر چولپان دارۋازلىق مۇنبىرىگە چىقتى. بۇ قابىل ئىز باسار، ئەجدادىغا چەكسىز سادىق ياخشى ۋارىس شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەجدادلارنىڭ ئۈمىدى ۋە ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئۇزاق مۇساپىگە ئاتلاندى.

www.uyghurkitap.com

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاسماننى تەڭرى دەپ بىلگەن، دارغا چىقىشنى تەڭرىنىڭ قەسىرىگە چىققانلىق دەپ ھېسابلىغان. سىدىق ئاخۇن قاتتىق قول، تەلەپچان ئۇستازى ۋە پەرۋىشكارى، يولباشچىسى ھاشىم ھاجىنىڭ داۋاملىق تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكىدە دادىل ماھارەت كۆرسىتىپ، تەڭرىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، قەسىرگە چىقىپ، تەڭرىنىڭ ئەركىسى بولۇپ، دار ئۈستىدە ئارقا-ئارقىدىن ماھارەت كۆرسەتتى. ھەر قېتىملىق دارغا چىقىپ دار ئويناش ئۇنىڭغا بىر سىناق بولدى. سىدىق ئاخۇننىڭ ھەر بىر ماھارىتىدىن ھاشىم ھاجى ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى توپلىغان تەجرىبىلىرى ۋە يېتىشتۈرگەن يۇقىرى ماھارىتىنىڭ ئوغلىغا يېتىشىپ ئۆزلىشىپ، ئەجرى، ئۈمىدىنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ مېۋە بېرىۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە دىلى سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىپ كېتەتتى. سىدىق ئاخۇن ھەرگىز قانائەتلەنمىدى. ئۆزىنى ھەمىشە رىقابەت، خىرىس ئىچىدە سەزدى. يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى ئۆرلەش ئىرادىسى يەنىمۇ ئاشتى. تەلەپچان دادىسىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن جاھانغا، كەلگۈسىگە نەزەر سالدى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا بارلىقىنى ئايىماي ئەجىر قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ دۇنياغا تونۇتۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئۆزىنى يالغۇز دارۋاز سىدىق ئاخۇن ئەمەس، ئۇيغۇر دارۋازلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارىدى. شۇڭا ھېچقانداق جاپا-مۇشەققەت، ھەر خىل بېسىم ۋە چەكلىمىلەر كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئۇ بۇ يولدا ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلىنىپ، پۈتۈن ئەس-يادى، ئىشقى-زوقى، زېھن-قۇۋۋىتىنى دارغا بېغىشلىدى. ئۇ ماھارىتىنى بارغانسېرى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدا قەدەممۇ قەدەم، بالداقمۇ بالداق ئۆرلىدى. مۇشۇنداق قىلىپ بارغانسېرى ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ كامىل دارۋازغا ئايلىنىپ، دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ، شۇنداقلا دادىسى ھاشىم ھاجىنىڭ شان-شۆھرىتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ، نۇرغۇنلىغان جاپا-مۇشەققەتلىك، ئۆلۈم خەۋپى پۇراپ تۇرىدىغان خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق ئۆتكەللەر، سىناقلاردىن ئۆتۈپ، تاۋلىنىش، پىشىش جەريانى بولدى. ئۇ بۇ جەرياندا يەڭگەن جاپا-مۇشەققەت، خىيىم-خەتەر، توسقۇنلۇق، پېشكەل ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئاز ئەمەس. شۇنداق قىلىپ ئۇ 30-40-يىللاردىن 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان نەچچە ئون يىل داۋامىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ئەل ئىچىدە ئەڭ تونۇلغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داڭلىق دارۋاز بولۇپ كەلدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى زامان ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن ئۇنىڭ 30 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دارۋازلىق ھاياتىنى يۈكسەك قەدىر-قىممەتكە ئىگە قىلدى. پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دارۋازلىق ئىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز ماھارىتىنى تولۇق نامايەن قىلىشىغا ئەۋزەل شارائىت، كەڭتاشا سورۇن ھازىرلاپ بەردى، ئۇنىڭغا شان-شەرەپلەر ياغدۇردى. 1950-يىلى ئازادلىقنى تەبرىكلەپ، يېڭى زامانغا تەنتەنە قىلىپ، ھاشىم ھاجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوچىدا تۇنجى بولۇپ دار ئوينىدى. كوچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى قىزغىن ئىلھاملاندۇرۇپ مۇكاپاتلىدى. 1950-يىلى تەكلىپكە بىنائەن تۇنجى قېتىملىق «1-ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن دار ئويناپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. يەنە شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دادىسى ھاشىم ھاجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە داغدۇغىلىق دار ئويناپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1952-يىلى ئاقسۇدا «غالىبىيەت» ئۆستىڭى پۈتۈپ سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە تەكلىپكە بىنائەن دار ئويناپ يەنە مۇكاپاتلاندى. 1953-يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتلاندى. شۇ يىلى شىئەندە غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە دار



سىدىق هاشىم 1954 - يىلى خوتەن گۈلباغدا دار ئۇستىدە

ئويناپ مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. شۇ يىلى ئۇنىڭ دارۋازلىق ئىشىغا ئامەت، شان - شەرەپ ياغدى. ئۇ يېگى بىر يۈكسەك شان - شۆھرەت پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن يىل بولدى. 1953 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8~12 - كۈنىگىچە تيەنجىن شەھرىدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يېگى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى كاتتا مەرىكە ئىدى. سىدىق هاشىم بىردىن بىر دارۋاز ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ داغدۇغىلىق كاتتا مۇسابىقىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. سىدىق هاشىم بۇ مۇسابىقىنىڭ ئويۇن قويۇش تۈرىگە قاتنىشىپ، بۇ كاتتا مەرىكىدە مۇسابىقە ئەھلى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دار ئۇستىدە كۆرسەتكەن ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى يۈكسەك ماھارىتى مۇسابىقە ئەھلىنى هاڭ - تاڭ قالدۇردى. سىدىق هاشىمنىڭ دار ئويۇنى بۇ مۇسابىقىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك يېڭىلىق بولدى. ئۇ بۇ مۇسابىقىدە داغدۇغا بىلەن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۇنجى قېتىملىق مەملىكەت بويىچە

ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كاتتا مەرىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ شان - شەرەپ ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتتى، ئۇيغۇر دارۋازلىقىغا مىسلىسىز شان - شەرەپ كەلتۈردى. بۇ ئۇنىڭ دارۋازلىق هاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئەجر - ئەمگىكى ۋە يۈكسەك ماھارىتىنىڭ خەلق - ئالەم ئالدىدىكى كۆرىكى بولدى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن كېيىن سىدىق هاشىم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولدى. 1956 - يىلى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن تاللانغان خادىملاردىن جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغاندا، ئۇ بۇ ئۆمەكنىڭ سېرىك گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدى. كېيىن ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. 1978 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان ئىچكى ئۆلكىلەرنى زىيارەت، ساياھەت قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، شۇ يىللارغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىق ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

سىدىق هاشىم شان - شۆھرەت، كۆنسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئابروي - ئىناۋەت ئالدىدا ئۆزىگە قىلچە تەمەننا قويمىدى ياكى قانائەتلەنمىدى، دار ئۇستىدىكى ماھارىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋەردى. 1958 - يىلى باش قوماندان جۇ دې شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە، ئۇ 50كە يېقىنلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، جۇ دېنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ جۇ دېنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1959 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتتە، دار ئويناپ پائالىيەتنىڭ داغدۇغىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم دار ئۇستىدە كۆرسەتكەن ئويۇنلىرى كىشىلەرنى سۆيۈندۈرۈپ ئۇنى ئالقىشلارغا كۆمدى.

1985 - يىلى سىدىق هاشىمنىڭ دار ئۇستىدىن خوشلىشىدىغان ئاخىرقى يىلى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش

www.uyghurkitap.com




سىدىق هاشىم 1973 ـ يىلى بېيجىڭدا

مۇناسىۋىتى بىلەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. سىدىق هاشىم بۇ مۇسابىقىدە ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن يۈكسەك ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا پىششىپ يېتىلىپ ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي كامالىتىنى نامايەن قىلدى. بۇ سىدىق هاشىمنىڭ دار ئۈستىدە جۇغلىغان 55 يىللىق تەجرىبىلىرى، پۈتۈن دارۋازلىق ماھارىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرەك قىلىنىپ، ئەل ـ جامائەتكە كۆرسىتىلىشى بولۇپ قالدى. شۇ كۈنىدىكى ئويۇن سىدىق هاشىمنىڭ دار ئۈستىدە ئۆتكەن 55 يىللىق هاياتىنىڭ يەكۈنى بولدى. ئۇ بۇ قېتىم يەنىلا ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ 1930 ـ يىلى 20 ياش ۋاقتىدا باشلانغان دار ئۈستىدىكى هاياتى 55 يىللىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ 75 يېشىدا ئۇتۇقلۇق ئاياغلاشتى. دادىسى هاشىم هاجى 1885 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە 45 يىللىق هاياتىنى دار ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن. سىدىق هاشىم ئۇنىڭدىن 10 يىل ئارتۇق دار ئويناپ، 20 ـ ئەسىردە دار ئۈستىدە ئەڭ ئۇزۇن پائالىيەت قىلغان تەۋەررۈك كىشى بولۇپ قالدى. يىغىپ ئېيتقاندا ئاتا ـ بالا ئىككەيلەننىڭ ياشلىق باھارىدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ قىرو چۈشكەن مەزگىللىرىگىچە بولغان هاياتى ئۇيغۇر دارۋازلىقىغا بېغىشلىنىپ، 100 يىللىق قىممەتلىك هاياتى دار ئۈستىدە يەنى هاۋايى مۇئەللەقتە ئۆتكەن. ئۇلار ئاسماننىڭ ھەقىقىي ئەركىسى بولۇشقا مۇناسىپ. بۇ دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدا، بولۇپمۇ يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيانقى دارۋازلىق تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

سىدىق هاشىم 1974 ـ يىلى شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دارۋازلىق هاياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، دارۋازلىق ئىشلىرىنى تەشكىللەش، ئۇنىڭغا كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا قارىتىلدى. تۇياقلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ كىشنەپ تۇرغان بۇ ئارغىماق يەنىلا بەيگىدىن قالمىدى. دار ئۈستى ۋە دار ئاستى ئۇنىڭ چېكىنمەي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئەقىل ـ پاراستى ۋە بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئايىماي ئاخىرىغىچە پۈتۈن ماھارىتى، قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان كامالەت مەيدانى بولدى. زۆرۈر بولغان سورۇن ـ مەيدانلاردا، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە دادىسى هاشىم هاجىنىڭ ماھىر قوماندانلىق رولىنى ئادا قىلدى.

1982 ـ يىلى ئۇنىڭ قوماندانلىق ماھارىتى ئاجايىپ يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەندى. شۇ يىلى كۆكخوت شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ مۇشۇ مۇسابىقە نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ تەشۋىق قىلىنغان 1982 ـ يىللىق 12 ـ سانىنىڭ سەھىپىلىرىدە مۇنداق ئۇچۇرلار بايان قىلىنغان: مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 55 مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى، تىرىنبىرلار ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىگە يىغىلىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ ئەتىسى يەنى 1982 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باشلاندى. يەتتە كۈن داۋاملىشىپ 9 ـ ئاينىڭ

8 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. مۇسابىقىدە 800دىن ئارتۇق ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى 68 خىل ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرىدە ماھارەت كۆرسەتتى.

بۇ قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلغانلىقىنى پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى كېلىپ تەبرىكلىدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ۋۇ لەنفۇ، ۋەن لى، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىڭرېن، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى چۈفۇ،



نۇراخۇن(ئوتتۇرىدا) كۆكخوتتىكى مۇسابىقىدە دارغا چىقىش ئالدىدا

ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەم 55 ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. ۋۇ لەنفۇ، ۋەن لى، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، ياڭ جىڭرېن، لى چۈفۇ قاتارلىقلار ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ مۇسابىقىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ، داغدۇغىسى چوڭ بولدى. مۇسابىقىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ساغاردى، دارۋازلىق قاتناشتۇرۇلدى. بۇ چاغدا ھاشىم ھاجىنىڭ شاگىرتى نۇراخۇن(1916 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان، ئۇ ھاشىم ھاجىنىڭ چوڭ قىزى سەلىمخاننىڭ ئۆگەي ئوغلى، 1992 ـ يىلى 76 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان) دار ئويناپ، ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن مۇسابىقىدە زىلزىلە



سىدىق ھاشىم كۆكخوتتىكى مۇسابىقىدە سۇناي چالماقتا

پەيدا قىلغان. سىدىق ھاشىمدىن كېيىن ھاشىم ھاجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېتىشىپ چىققان 2 ـ شاگىرتى نۇراخۇن دار ئۈستىگە چىققاندا، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتىگە سىدىق ھاشىم يېتەكچىلىك قىلدى. نۇراخۇن دارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، سىدىق ھاشىمدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا دارۋازلىق سەنئىتىگە، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. سۆيۈملۈك ئۇستاز ھاشىم ھاجىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، يۈزىنى تېخىمۇ يورۇق قىلدى. سىدىق ھاشىم، نۇراخۇن ۋە باشقا دارۋازلار ئۈچۈن كاتتا ئىش، ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق بولدى. دارۋازلار ۋە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە دارۋازلىق ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ قېتىم شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە باش بولۇپ، دارۋازلىق پائالىيىتىگە باشتىن ئاياغ يېتەكچىلىك قىلغان مەرھۇم دايىم قادىرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار ئىچىدە ئەڭ ... ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر سۆھبەتتە ماڭا دەپ بېرىشىچە، ۋۇ لەنفۇ، ۋەن لى، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، ياڭ جىڭرېن، لى چۈفۇ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# ئۇستۇن ئاتۇشتىكى تاششەھەر خارابىلىكى

ئىسرائىل مۇتللا

(ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىدىن)

ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ لايىلىق كەنتىدە بىر قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى بار. بۇ خارابىلىك ھىسار، ھېكمىئاتا، تاششەھەر، ياغما قىياسى، قاغانىنىڭ شەھىرى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ خارابىلىكنىڭ جەنۇبىدا قەدىمىي مىڭيول خارابىلىكى، غەربىي شىمالدا مايمۇنتاش خارابىلىكى، شىمالدا سىرىقئاتا خارابىلىكى، غەربىدە سۆگەتبۇلاق خارابىلىكى ۋە دارتاغ خارابىلىكى بار.

بۇ خارابىلىك قەدىمىي كارۋان يولى مىڭيولنىڭ ياقىسىدا بولۇپ، تاغ ئۇستى ۋە دەريا بويىدىكى بىرنەچچە مەدەنىيەت ئىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چاقماق دەرياسى بۇ خارابىلىكنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. خارابىلىك ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇ يەرگە چىقسىڭىز پۈتكۈل ئۇستۇن ئاتۇشنى كۆرگىلى بولىدۇ. خارابىلىكنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكىدىن خارابىلىكتىكى كىچىك شەھەرنىڭ ئىلگىرى مۇداپىئە قەلئەسىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خارابىلىكنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 3000 مو كېلىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ بېسىپ كېتىشى، يەرلىك خەلقنىڭ بوز يەر ئېچىشى تۈپەيلىدىن خارابىلىكنىڭ دەريا بويىدىكى قىسمى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن. تاغ باغرىدىكى قىسمى قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر، ئاسارىئەتىقە يىغقۇچىلار تەرىپىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

بۇ خارابىلىك توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: بۇ ئەسلىدە ناھايىتى گۈللەنگەن، بايلىقلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان، ئامبارلارغا ئاشلىق لىق تولغان، سودىسى تازا گۈللەنگەن، سېپىللىرى كۈمۈشتىن، دەرۋازىسى ئالتۇندىن ياسالغان كاتتا بىر شەھەر ئىكەن، خەلقى ئىنتايىن باياشات ئىكەن. بىر كۈنى تەڭرى بۇ شەھەردىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بۇ شەھەرگە بىر مالايىكىنى ئەۋەتىپتۇ، بۇ مالايىكە ئادەمزات قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ شەھەرنى ئارىلاپتۇ،



تىلەمچىلىك قىلىپ بۇ شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىنساۋىنى سىناپ بېقىپتۇ، لېكىن ئۇلار شۇنچە باي بولسىمۇ، ھېچنەرسە بەرمەپتۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسراپچىلىق بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مالايىكە بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ بۇ خەلققە زۇلمەت تىلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن تاش يېغىپ بۇ شەھەر تاش ئاستىدا قاپتۇ.



1984 - يىلى ھېكمىئاتامدىن تېپىلغان تاش ئويما

كېيىن شۇ ئەتراپقا كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر بۇ شەھەرنى تاش شەھەر دەپ ئاتاپتۇ ۋە بۇ رىۋايەتنى ئىبرەت بولسۇن دەپ ئەۋلادلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان بوپتۇ.

بۇ رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكتىن ئەينى چاغدا بۇ جاينىڭ دېھقانچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان جاي ئىكەنلىكىنى، مەلۇم تەبىئەت ھادىسىسى تۈپەيلىدىن بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

چيەنلۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسىگە ئىزاھات»تا «ئۇستۇن ئاتۇشتىن ماڭىدىغان يول ئۇستىدىكى تاغ ئۇستىدە بىر كىچىك سېپىللىق شەھەر بار» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. دېمەك بۇ جايدا بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ بولغانلىقى ئېنىق.

بۇ خارابىلىكنىڭ يېنىدا قاراخانىيلار جەمەتىگە مەنسۇپ بىر قەبرىستانلىق بار، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ خەلق ئارىسىدا ھېكىم ئاتا دېگەن نامى بار. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ جاينى نوقۇل ئىسلام دىنى قەبرىستانلىقى دەپ قاراپ نەزەردىن ساقىت قىلىپ، بۇ خارابىلىككە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان توققۇز ھۇجرا



1985 - يىلى ھېكمىئاتامدىن تېپىلغان رەزبىلىك تۆت قۇلاقلىق تۇرۇبا سايمىنى

خارابىلىكنى تەكشۈرۈپ كېتىپ قالغان. ئەمما لېكوك 1907 - يىلى بۇ شەھەر خارابىلىكىنى خېلى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ خېلى كۆپ ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن.

1960 - يىللاردىن كېيىن كىشىلەر تۆپىلىكتىكى شەھەر سېپىلىنى بۇزۇش جەريانىدا يەر ئاستىدىن بىر تۈركۈم ئاسار ئەتىقىلەرنى تاپقان. مۇشۇ جايدىن تېپىلغان تېپىلمىلاردىن 1960 - يىلى تېپىلغان كېپىنەك شەكىلى چۈشۈرۈلگەن مىس تەڭگە، 1964 - يىلى شەھەرنىڭ شېغىل ئاستىدا قالغان سېپىلنى بۇزۇش جەريانىدا تېپىلغان دەريا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىنىغا تۇتىشىدىغان سۇ ئاققۇزۇلىدىغان ساپال تۇرۇبا، 1985-يىلى تېپىلغان يېپەك رەخت ۋە توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك مىس موكا، 1985-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىككى يېرىم مېتىر يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھەرخىل تاش گەز ۋە يۇملاقلىتىلغان تاش، 1988-يىلى 11-ئايدا تېپىلغان سۇ ئاققۇزۇش ساپال تۇرۇبىسىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان تۆمۈر رەزبە، ئىلگىرى تېپىلغان قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلار ۋە ھۆججەتلەر، تاشقا ئايلانغان نان، ساپال قورچاقلار ۋە قالايمىقان تاشلانغان نۇرغۇن جەسەت ئىسكىلىتى قاتارلىق تېپىلمىلار بار. بۇ تېپىلمىلارنىڭ بىر قىسمى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىدە ساقلانماقتا.

گەرچە ھازىر شەھەر خارابىلىكىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرى قالمىغان بولسىمۇ، خارابىلىكتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بۇ جاينىڭ ئۇزۇن تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەرەب يېزىقىغا ئوخشىمايدىغان يېزىقتا يېزىلغان قوليازمىلارنىڭ تېپىلىشى بۇ خارابىلىكنىڭ ئىسلاملىشىشتىن ئىلگىرىكى خارابە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ شەھەر چاقماق دەرياسىنىڭ بىر قېتىملىق زور كەلكۈنىنىڭ ھوجۇمى بىلەن ئېقىن ئۆزگەرتىشى نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە بۇ جايدىن تېپىلغان ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ كۆپ خىللىقىدىن بۇ شەھەرنىڭ ئەينى چاغدا تازا گۈللەنگەن ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1983-يىلى تورغات تاشيولىنى ياساش ئۈچۈن مۇشۇ تۆپىلىكتىكى شېغىلنى يۆتكىگەندە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار يۈز بەرگەن. بۇ تۆپىلىكتىن نۇرغۇنلىغان چوڭ ئادەم ۋە كىچىك باللارنىڭ ئىسكىلىتى چىققان، يولغا تۆكۈلگەن شېغىللارغا ئارىلىشىپ كەلگەن ئىسكىلاتلار يول يۈزىنى بىر ئالغان. ئىسكىلىتنىڭ بارماقلىرىدىن ئۈزۈك قاتارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، ھەرخىل ساپال ۋە تۈچ بۇيۇملار چىققان. 1985-يىلى 8-ئايدا بۇ خارابىلىكتىن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن شېغىل ئېلىۋاتقاندا ئۈستۈن ئاتۇشتا تۇيۇقسىز قاتتىق يەر تەۋرەپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى رىۋايەت كىشىلەرنى تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە سالغان.

1990-يىللاردا بۇ خارابىلىكنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن توقاشلا مەھەللىسىگە بارىدىغان يول ئېلىنغاندا كىشىلەر شېغىل قاتلىمىدىن نۇرغۇنلىغان ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. 2000-يىللارغا كەلگەندە بۇ خارابىلىك ئاساسەن يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ جايدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاتۇش رايونىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ خارابىلىك جايلاشقان ئېگىزلىككە شامگۈر ياسالدى ۋە مەسچىت سېلىندى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن


*ئىلاۋە: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»نىڭ خەنزۇچىسى 2006-يىل 12-ئايدا نەشر قىلىندى. «شەخسلەر تەزكىرىسى»نى تۈزۈشتە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. «شەخسلەر تەزكىرىسى»گە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شىنجاڭدا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە، ھەر قاتلامدىكى مۇھىم تەسىرى بار شەخسلەر كىرگۈزۈلدى. ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان شەخسلەر كىرگۈزۈلدى، شۇنداقلا ئىبرەت قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر قىسىم سەلبىي شەخسلەرمۇ كىرگۈزۈلدى. ئومۇمەن «شەخسلەر تەزكىرىسى»دە تەرجىمىھالى تۈرغۈزۈلغان شەخسلەر ئوبيېكتىپ تەسىرىگە قاراش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئەينى زامان، ئەينى ماكانىنىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتى ئاستىغا قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە خاتالىقى ئوبيېكتىپ يوسۇندا خاتىرىلەندى، باھا بەرمەسلىك، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك، ياخشى تەرەپلىرىنى كۆپتۈرمەسلىك، يامان تەرەپلىرىنى يوشۇرماسلىق تەلىپىگە ئەمەل قىلىندى. «شەخسلەر تەزكىرىسى»نى تۈزۈشتە يەنە ھاياتلار ئۈچۈن تەرجىمىھال تۈرغۈزماسلىق پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەزكىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن مۇھىم شەخسلەرنىڭلا تەرجىمىھالى تۈرغۈزۇلدى، تەزكىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «شەخسلەر جەدۋىلى» ۋە «ئەمەلدارلار ئىسىملىكى» قىسمىدا بىر قىسىم ھايات شەخسلەرمۇ بېرىلدى.*

*بىز ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ ھەرقايسى سانلىرىدا «شەخسلەر تەزكىرىسى»دىكى بىر قىسىم شەخسلەرنى تەزكىرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرتىپ بويىچە تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرماقچىمىز.*


## جېڭ جى

جېڭ جى (؟~مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 49-يىلى) خۇيجى (بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھىرى)دىن.

جېڭ جى قامەتلىك، جاسارەتلىك ئادەم بولۇپ، ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا قوشۇن ئىچىدە ئۆتكەن، ئۇ كۆپ قېتىم غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ، ئۇرۇشتا نۇرغۇن تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوردىدا يانداش بەگلىككە تەيىنلىنىپ، خەن سۇلالىسى خانى جاۋدىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن.

خەن سۇلالىسى خانى جاۋدى زامانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھۇنلار بىلەن قاڭقىللار بىرلىشىپ ئۇسۇنغا ھۇجۇم قىلدى. جاۋدى خان ئۆلۈپ، تەختكە شۈەندى



خان ئۆلتۈردى. ئۇ 150 مىڭ لەشكەرنى بەش يولغا بۆلۈپ، ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش، ئۇسۇنغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن يېتىپ كەلگەندە، ھۇنلارنىڭ قاڭقىلدا بوز يەر ئېچىۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلىرى چېكىنىدى، قاڭقىل خانى خەن سۇلالىسىغا ئەل بولدى. بۇ ئەھۋالدىن ئوغىسى قايىنغان ھۇنلار قاڭقىل خانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋەلىئەھدى جۇنسۇنى ھۇنلارغا گۆرۈگە تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جۇنسۇ ئىلگىرى چاڭئەندە تۇرغان ۋە ئىزچىل خەن سۇلالىسىغا مايىل بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇ ھۇنلار تەرەپكە بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇ كېڭگەت بېگىنىڭ جىيەنى بولغاچقا، پاناھلىنىش ئۈچۈن كېڭگەتكە قېچىپ كەتتى. قاڭقىل خانى ئىككىنچى ئوغلى ۋۇ گۈيىنى ۋەلىئەھدى قىلدى. پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ۋۇ گۈي تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ھۇنلار بىلەن قۇدىلاشتى ھەمدە ھۇنلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇسۇنغا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈۋېتىپ تاشلاپ، ئىككى دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ بېرىش-كېلىشىنى توسۇشقا كۈشكۈرتتى.

دىجيې 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 68- يىلى) خەن سۇلالىسى جېڭ جى بىلەن چېرىكچى سىما شىنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى باشلاپ، بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق جۇغلاپ، قاڭقىللارنى جازالاشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن لوپنۇرغا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى كۈزدە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىدى، جېڭ جى بىلەن سىما شى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر توپلاپ، ئۇنىڭغا بوز يەر ئېچىۋاتقان 1500 سەركەردە-سەرۋازنى قوشۇپ قاڭقىلغا ھۇجۇم قىلدى، يارغول شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە بۆسۈپ ئۆتتى. قاڭقىل خانى ۋۇ گۈي شىمال تەرەپتىكى تاشبالىغنى چىڭ مۇداپىئە قىلىپ تۇردى، خەن قوشۇنى ئۇزاق مۇھاسىرە قىلىپمۇ ئۇنى ئالالمىدى، ئاخىر ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگىگەچكە، ئۇرۇش توختىتىپ، لوپنۇرغا قايتىپ يەنىلا بوز يەر ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. دىجيې 4-يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 66-يىلى) ئورمىدىن كېيىن جېڭ جى بىلەن سىما شى يەنە بىر قېتىم قوشۇن باشلاپ قاڭقىلغا جازا يۈرۈشى قىلدى. قاڭقىل خانى ۋۇ گۈي ھۇنلاردىن ياردەم سورىدى، ھۇنلار ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋۇ گۈي خەن سۇلالىسىغا ئەل بولدى.

جېڭ جى بىلەن سىما شى قاڭقىللاردىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قاڭقىلدا ۋۇ گۈيغا قاراشقا بىر بەگ، 20 لەشكەر قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى قوشۇننى باشلاپ لوپنۇرغا قايتتى. ۋۇ گۈي خەن قوشۇنىنىڭ ئازغىنە ئادىمى قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئوغرىلىقچە ئۇسۇنغا قېچىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جېڭ جى لەشكەر ئەۋەتىپ ۋۇ گۈينىڭ خوتۇنى بىلەن ئوغلىنى لوپنۇرغا ئېلىپ كېلىۋالدى. ئاندىن ئۆزى جيۈچۈەنگە بېرىپ، جيۈچۈەن ۋالىيسى ئارقىلىق ئوردىغا ھەربىي ئىشلاردىن مەلۇمات بەردى. خەن شۈەندى بىر تەرەپتىن ئۆتكۆۋبەگنى ئەيىبلەپ، ئۇنى ۋۇگۈينى چاڭئەنگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى؛ بىر تەرەپتىن جېڭ جىغا لوپنۇر بىلەن قاڭقىل تەۋەسىدە بوز يەر ئېچىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى تىنچلاندۇرۇش، ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىغا زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. جېڭ جى بۇيرۇقنى ئېلىپ لوپنۇرغا قايتتى ۋە ۋۇگۈينىڭ خوتۇنى بىلەن ئوغلىنى چاڭئەنگە يولغا سالدى؛ يەنە 300 لەشكەر ئاجرىتىپ، قاڭقىلنىڭ شەرقىي تەۋەسىدىكى يۇرتجان (بۇگۈنكى پىچان ناھىيىسى)دا بوز يەر ئاچتى.

ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن ۋەزىرلىرى خەن قوشۇنىنىڭ قاڭقىلدا بوز يەر ئېچىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ: «قاڭقىلنىڭ يېرى مۇنبەت، دۆلىتىمىزگە يانداش، مۇبادا خەن سۇلالىسى ئۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق جۇغلىۋالسا، بىزگە چاتاق بولىدۇ، شۇڭا ئۇ يەرنى تالاشماي بولمايدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن ئەۋەتىپ، قاڭقىلدا بوز يەر ئېچىۋاتقان خەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. جېڭ جى قاڭقىلدىكى قوشۇنغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، 1500 لەشكەرنى باشلاپ قاڭقىلغا كەلدى. 2-يىلى ھۇنلارنىڭ سول قول بۈيۈك سانغۇنى 3000

www.uyghurkitap.com

لەشكەرنى، سول ئۇرگەنچ بېگى بىلەن ئوڭ ئۇرگەنچ بېگىنىڭ ھەربىرى 6000 دىن لەشكەرنى باشلاپ ، جەمئىي 15مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ قاگقىلنى تالاشتى. خەن قوشۇنى ئادىمى ئاز بولغاچقا، بوز يەر ئېچىشتىن ۋاز كېچىپ، قوشبالىغ (بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىنىڭ 100 چاقىرىم شەرقىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى)گە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ھۇن قوشۇنى شەھەرنى بىرنەچچە كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئاللماي ئاخىر چېكىندى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۇنلار ھەمىشە نەچچە مىڭلاپ چەۋەنداز ئەۋەتىپ قاگقىلنى پاراكەندە قىلىپ تۇرغاچقا، خەن قوشۇنى نورمال تېرىقچىلىق قىلىشقا ئامالسىز قالدى. جېڭ جى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەن ئوردىسىغا : «قاگقىل شەرقتە لوپنۇردىن مىڭ چاقىرىم يىراقتا، ئارلىقتا قاتمۇقات تاغ بار، شىمالدا ھۇنلارغا يېقىن، بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، لوپنۇردا تۇرۇۋاتقان خەن قوشۇنى ياردەم بېرەلمەي قالىدۇ، ئوردىنىڭ قاگقىلدا بوز يەر ئاچىدىغان سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى كۆپەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ مەكتۇپ يوللىدى. شۈەندى خان مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن چاڭ خۇينى جيۇچۈەن بىلەن جاڭيېدىكى ئاتلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ قاگقىلنىڭ مىڭ چاقىرىم شىمالىدىكى ھۇنلار زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. چاڭ خۇي قاگقىل ئەتراپىدا قورال كۆچىنى كۆز ـ كوز قىلىشقا، بوز يەر ئېچىۋاتقان خەن قوشۇنىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھۇن قوشۇنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە بەدەر چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن جېڭ جىمۇ خاتىرجەم بولۇپ لوپنۇرغا قايتتى. خەن سۇلالىسى قاگقىل پۇقرالىرىنى ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن لوپنورغا كۆچۈردى، كىنگتتا پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان قاگقىل ۋەلىئەھدى جۇنسۇغا قوغىشار ئوتۇغاتىنى بەردى. شۈەندى خان جېڭ جىنى پىشامشاننىڭ غەربىدىكى زېمىننى ساقلايدىغان چېرىكچى قىلىپ تەيىنلىدى، قاگقىل دۆلىتىنى ھۇنلار ئىشغال قىلىۋالدى.

ھۇن تەگرىقۇتى شۇرۇنچانچۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەگگەبېكە (ھۇن تەگرىقۇتىنىڭ خوتۇنى، خەن سۇلالىسىنىڭ خانىشىغا تەڭ) جۈەنچۈنى نېرى ئىتتىردى ۋە بىكار قىلدى، جۈەنچۈ بېكە سول قول بىلىكخان تۇغىت بىلەن ئويناپ يۈردى. شىنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) شۇرۇچانچۇ ئۆلدى، تۇغىت جۈەنچۈ بېكىنىڭ قوللىشىدا تەگرىقۇتلۇقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، شۇرۇچانچۇ تەگرىقۇتنىڭ يېقىنلىرىنى ھەدەپ قىرغىن قىلدى. غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھۇن باتىسقانى بىلگە تەگرىقۇتنىڭ تۇغىت بىلەن ئاداۋىتى بار ئىدى، ئۇ تۇغىتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، جېڭ جى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن لوپنۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز قەۋملىرىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جېڭ جى دەرھال لوپنۇر، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەردىن 50 مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ، باتىسقان بىلەن قول ئاستىدىكى 12بەگنى ۋە قەۋمىدىن 12 مىڭ ئادەمنى لوپنۇرغا ئېلىپ كەلدى، ئاندىن ئۇلارنى خېشى كارىدورى ئارقىلىق چاڭئەنگە يەتكۈزۈپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۇنلار قاگقىلدىن ۋاز كەچتى، قاگقىل خانى جۇنسۇ خەلقىنى باشلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى، قاگقىل خەن سۇلالىسىغا قاراشلىق بەگلىك بولۇپ قالدى.

جېڭ جىنىڭ قاگقىلنى بويسۇندۇرۇپ، باتىسقاننى ئەل قىلغانلىقى غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە سالدى. شۈەندى خان جېڭ جىنى قاگقىلنىڭ غەربىدىكى شىمالىي يولنى قوغداشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنى «قورۇقچىبەگ» دەپ ئاتىدى، جېڭ جى ئۇرلى (بۈگۈنكى بۈگۈر ناھىيىسى)دا غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى غەربىي يۇرتقا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. شۇڭا تارىختا: «خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى جاڭ چيەننىڭ ۋاقتىدا باشلىنىپ، جېڭ جىنىڭ ۋاقتىدا ۋۇجۇدقا چىققان» دەپ باھا بېرىلىدۇ.

شىنجۆ 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 59 ـ يىلى) جېڭ جىغا ئۆز تۆھپىسىگە يارىشا «يىراق

زېمىننى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ» دېگەن ئۇتۇغات نامى بېرىلىپ، 1000 تۇتۇن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى.

## تۇمەن

تۇمەن (؟~552)، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغاچقا ئاشىنا تۇمەن دېيىلدۇ، تۇرك خانلىقىنى قۇرغۇچى.

تۇرك مىللىتى قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، تۆمۈر تاۋلاشقا ۋە قۇيمىچىلىققا ماھىر ئىدى. مىلادىيە 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۈركلەرنى جۇرجانلار بويسۇندۇردى، شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئىدىقۇتنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندىن ئالتۇنتاغ (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى)نىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كۆچۈپ بېرىپ، جۇرجانلارنىڭ «تۆمۈرچى قۇلى» بولۇپ، ئۇلارغا تۆمۈردىن سوقۇلغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە قورال-ياراغلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى.

مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇرجانلار زەيىپلەشتى، تۈركلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇرجانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. داتۇڭ 11-يىلى (مىلادىيە 545-يىلى) غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى ۋېندى جيۇچۈەنلىك ئانوپانتونى تۈركلەر تەرەپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، تۈركلەر بۇ خەۋەرنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشۈپ: «بۈيۈك ئەل ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ئەمدى بىز تېزلا روناق تېپىپ كېتىدىغان بولدۇق» دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. 12-يىلى (546-يىلى) تۈركلەرنىڭ سەردارى تۇمەن غەربىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تارتۇق قىلدى.

شۇ چاغدا تېلى قەبىلىلىرى جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى، تۇمەن خەلقىنى باشلاپ، تېلىلارغا توسۇپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ 50 نەچچە مىڭ تۈتۈنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەرنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئۇلغايدى.

تېلىلار بىلەن جۇرجانلار ئەزەلدىن بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، تۈركلەر تېلىلارنى مەغلۇپ قىلىپ جۇرجانلار ئالدىدا خىزمەت كۆرسەتتۇق دېگەن قاراشتا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇمەن جۇرجانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇرجان قاغانى ئاناغاي بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن ئاناغاي ئادەم ئەۋەتىپ، تۇمەننى: «سەن دېگەن مېنىڭ تۆمۈرچى قۇلۇم تۇرساڭ، مۇشۇنداق گەپنى قىلىشقا نىمە ھەددىڭ» دەپ ھاقارەتلىدى. تۇمەن قاتتىق غەزەپلىنىپ، جۇرجان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جۇرجان خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى ۋە بۇياققا ئۆرۈلۈپ غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. داتۇڭ 17-يىلى (551-يىلى) غەربىي ۋېي سۇلالىسى خانى ۋېندى چاڭلې مەلىكىنى تۇمەنگە ياتلىق قىلدى.

غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 1-يىلى (552-يىلى) 1-ئايدا تۇمەن جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇرجانلارنى خۇەيخۇاڭ ئايمىقى (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭبېي ناھىيىسى)دا تارمار قىلدى، مەغلۇپ بولغان ئاناغاي ئۆلۈۋالدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئالۇچىن شىمالىي چى سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، قالغان ئاۋام ئاناغاينىڭ تاغىسى دىڭشۇزىنى ئاتامان قىلىپ تۇرغۇزدى، بىراق جۇرجانلار ئۇزاق ئۆتمەي شىمالىي چى سۇلالىسى بىلەن تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شۇ يىلى تۇمەن ئۆزىنى «ئىلىگ قاغان» دەپ جاكارلاپ، خوتۇنىنى «خاتۇن» دەپ ئاتاپ، تۈرك خانلىقىنى قۇردى.

## ئىستەمى

ئىستەمى (؟~576)، تۈرك قاغانى تۇمەننىڭ ئىنىسى، تۈرك خانلىقىنىڭ غەرب قاغانى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 1-يىلى (552-يىلى) تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىستەمى تۇمەن قاغاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، 10 ئاتامانىنى ئېلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇسۇنلارنىڭ كونا ماكانى (بۈگۈنكى

ئىلى دەرياسى ۋادىسى)نى ئىشغال قىلىپ، جەنۇبتا سۇلى (ھازىرقى قەشقەر)غىچە بولغان كەڭ زېمىننى تىزگىنلىگەندىن كېيىن داۋاملىق ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كېڭەيدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەفتالىتلار ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىنى ئىگىلەپ، باديان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلىخ) شەھىرىنى پايتەخت قىلغانىدى، ئۇ غەربتە پېرسىيە، جەنۇبتا ھىندىستان، شەرقتە تۈرك خانلىقى بىلەن قوشنا ئىدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ گۇڭدى 3 - يىلى (554 - يىلى) تۈرك قاغانى مۇقان پېرسىيە پادىشاھى خۇسراۋ-1 (يەنە بىر ئىسمى نۇشىرۋان531~579) بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئىككى تەرەپ ماسلىشىپ، ئەفتالىتلارغا ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىش قارارىغا كەلدى. شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى 2 - يىلى (563 - يىلى)دىن تيەنتۇڭ 3 - يىلى (567 - يىلى)غىچە ئىستەمى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن پېرسىيە قوشۇنىنى باشلاپ ئەفتالىتلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، ئۇرۇشتا ئەفتالىتلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، پادىشاھى ئۆلتۈرۈلدى، زېمىنىنى تۈركلەر بىلەن پېرسىيە بۆلۈشۈۋالدى. ئىككى تەرەپ كېلىشىش ئارقىلىق، ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، پېرسىيە بەلىخ، جاغۇدا (ئاراخۇسىيە)، كابۇل، سوغدىيانا، تۇخارنى ئالىدىغان بولدى. تۈركلەر تاشكەنت، فەرغانە، سەمەرقەند، بۇخارا، ناخساپنى ئالىدىغان بولدى. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر قاپىخ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى قىلىندى. شۇنداق قىلىپ تۈرك خانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنى كاسپىي دېڭىزغىچە كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئىستەمى ئۆزىنى تۈرك خانلىقىنىڭ غەرب قاغانى دەپ ئاتاپ، ئوردىنى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)نىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغقا ئورۇنلاشتۇردى.

تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىپ، زېمىنى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن قوشنا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە كۈنسايىن چوڭ خەۋپ بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا پېرسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگودىن كېلىدىغان مەشۇت ئىنتايىن مۇھىم تاۋار ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن، مەشۇتنى ۋىزانتىيەگە يۇقىرى باھادا سېتىپ، ئارىدىن جىق پايدا ئالاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو مەشۇتىدىن پېرسىيە كىمخاپى توقۇپ، ئۇنى ۋىزانتىيەگە چىقىرىپ، تېخىمۇ چوڭ ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشەتتى. تۈركلەر زېمىنىنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيتكەندىن كېيىن، پېرسىيىنىڭ يىپەك سودىسىنى ئۆگچە ئىگىلەپ كەلگەن ئورنى تەسىرگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتە توقۇنۇش يۈز بەردى.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى توشۇيدىغان سودىگەرلەر ئاساسەن سوغدىلار ئىدى. سوغدى سودىگەرلىرى تۈرك خانلىقىغا ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن، ئىستەمى قاغاندىن پېرسىيە پادىشاھىنى سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ پېرسىيىگە كىرىشكە ۋە پېرسىيە ئارقىلىق باشقا جايلارغا بېرىپ سودا قىلىشىغا ئىجازەت بېرىشكە ماقۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىستەمى سوغدى سودىگىرى مانىياق باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى پېرسىيىگە ئەۋەتتى. پېرسىيە پادىشاھى بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئوردا كېڭىشى ئاچتى. كېڭەشتە پېرسىيىگە تەسلىم بولغان بىر ئەفتالىت پادىشاھقا سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ يىپەكلىرىنى سېتىۋېلىپ جامائەت ئالدىدا كۆيدۈرۈۋېتىش يولى بىلەن تۈرك خانلىقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك، دېگەن تەكلىپنى بەردى. پادىشاھ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن يىپەكنى بىراقلا كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىستەمى پېرسىيە بىلەن ئادا-جۇدا بولۇشنى راۋا كۆرمەي، پېرسىيىگە يەنە 2-ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. تۈرك ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغاندىن كېيىن، پېرسىيە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆمەكتىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈرك خانلىقى بىلەن پېرسىيە دۈشمەنلىشىپ قالدى.

پېرسىيىنىڭ جۇڭگو - غەرب سودىسىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، مانىياق يەنە ئىستەمىگە رىمغا بىۋاستە ئەلچى ئەۋەتىش

www.uyghurkitap.com

تەكلىپىنى بەردى. تيەنتۇڭ 3 ـ يىلى (567 ـ يىلى) مانياق تۈرك قاغانىنىڭ مەكتۇپى بىلەن نۇرغۇن يىپەك سوغاتلىق ئېلىپ يولغا چىقىپ، كېيىنكى يىلىنىڭ بېشىدا ۋىزانتىيەگە يېتىپ بېرىپ، رىم پادىشاھى ساسانىيەت—IIنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. پادىشاھ ئەلچىلەر ئۆمىكىدىن تۈرك خانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ماقۇل بولۇدى ھەمدە سىلىسىيىلىك زىماركۇس باشچىلىقىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى مانياققا قوشۇپ تۈرك خانلىقىغا ئەۋەتتى. ئىستەمى تىكەس دەريا ۋادىسىدىكى بارگاھىدا رىم ئەلچىلەر ئۆمىكىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. شۇ چاغدا تۈركلەر پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئىستەمى زىماركۇسنى ھەربىي يۈرۈشتە ھەمراھ بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، بىراق شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۈرك قوشۇنى مەغلۇپ بولدى.

ئىستەمى پېرسىيىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ۋۇپىڭ 1 ـ يىلى (571 ـ يىلى) رىمغا يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھ ساسانىيەتتىن شەرقىي رىم بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگىنىگە توققۇز يىل بولغان تىنچلىق شەرتنامىسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ساسانىيەت تۈركلەرنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى ھەمدە تۈرك خانلىقىغا بىرنەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. تۈرك خانلىقىنىڭ رىمنى پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچەپ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا، رىم بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا ئون يىل ئۇرۇش بولدى.

ئىستەمى تەختتە تۇرغان مەزگىلدە، غەربىي تۈركلەر بارا ـ بارا مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىستەمى تۈركلەرنىڭ ئالىي قاغانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەيلا، ئۆزئالدىغا پېرسىيە بىلەن رىمغا دىپلوماتىيە ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ ھەمدە ئۇلار بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ ياكى ئۇرۇش قىلىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ۋە غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى.

شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ لۇڭخۇا 1 ـ يىلى (576 ـ يىلى) ئىستەمى ئالەمدىن ئۆتتى.

## كوماراجىۋا

كوماراجىۋا (334~413)، يەنە بىر ئىسمى تۇڭشۇ، كۇسەنلىك، جۇڭگو تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ بۇددىزم تەرجىمشۇناسىنىڭ بىرى.

كوماراجىۋانىڭ ئەجدادى براخمان ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئەنەتكەك(ھىندىستان)نىڭ نەسەبىي ۋەزىرى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى كومارايانا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭدىن ئىستىپا بېرىپ، راھىب بولۇش ئۈچۈن كۇسەنگە قېچىپ كەلگەن. كۇسەن خانى ئۇنىڭ مەنسەپ ۋە شان ـ شەۋكەتتىن كېچىپ، بۇددا مۇخلىسى بولۇشىنى راۋا كۆرگەنلىكىدىن ئىنتايىن قايىل بولۇپ، ئۆزى بىۋاستە شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ دۆلەت ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلغان ھەمدە سىڭلىسى جىۋانى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. جيەنيۈەن 2 ـ يىلى (344 ـ يىلى) كوماراجىۋا تۇغۇلغان.

كوماراجىۋا يەتتە يېشىدا راھىب بولۇپ ھىنايانا بۇددىزمى نوملىرىنى ئۆگەندى. ئۇ ئەقىللىق ھەم تىرىشچان بولۇپ، بىر كۈندە مىڭ گاتا (بىر گاتا 32 خەت، جەمئىي 22 مىڭ خەت) نومنى ئوقۇيتتى.

كوماراجىۋا توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئانىسى بىلەن بىللە كۇسەندىن ئايرىلىپ كەشمىرگە كېلىپ، مەشھۇر ئاچارىيا پەنتۇدادو ھەزرەتنى ئۇستاز تۇتۇپ، «سانيوكتا»، «مادىيام ئاگاما»، «دىرگا ئاگاما» قاتارلىق ھىنايانا نوملىرىنى ئۆگەندى. ئۇ ئۆگىنىشتىكى ئەلا نەتىجىسى بىلەن ئاچارىيانىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كەشمىر پادىشاھى ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، يات مەزھەپتىكى بىر ئۇستاز بىلەن مۇنازىرىگە سالدى. يات مەزھەپتىكى ئۇستاز كوماراجىۋانى گۆدەك چاغلاپ تاقا ـ تۇقۇ گەپلەرنى قىلدى. كوماراجىۋا ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى بىر يولىلا مات قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كەشمىر پادىشاھىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

كوماراجىۋا 12يېشىدا يەنە ئانىسى بىلەن بىللە كۇسەنگە قايتتى. يول ئۈستىدە سۇلى(بۈگۈنكى قەشقەر)غا كەلگەندە بىر يىل تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇ يەردە «ئابىدارما» ، «جىنانا پراستانا شاسترا» ، «شادپادا شاسترا» قاتارلىق بۇددا نوملىرىنى ئۆگەندى. سۇلى خانى ئۆز دۆلىتىدىكى راھىبلارنى كۇسەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈردى، كاتتا يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ، كوماراجىۋانى «دارما تەرغىباتى»دىن دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ساكارائۇل شاھزادىسى شۇلىيېباتا بىلەن ھەربىي مەسلىھەتچى شۇلىيېسۇمو بۇددا نوملىرىنى تەتقىق قىلىشتا خوپ داڭ چىقارغان شاھزادىلەر ئىدى. بولۇپمۇ شۇلىيېسۇمو ماھايانا بۇددىزمى نوملىرىغا ناھايىتى پىششىق ئىدى، كوماراجىۋا ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، «مادىيامىكا شاسترا» ، «شاتا شاسترا» ، «ئون ئىككى شاسترا» قاتارلىق ماھايانا بۇددىزمى نوملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. كوماراجىۋا سۇلىدىن ئايرىلىپ ئۇنسۇ(بۈگۈنكى ئۇچتۇرپان)غا كەلگەندە، مۇنازىرىدە يەنە بەزى مەشھۇر بۇددا ئەربابلىرىنى يېڭىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتكۈل غەربىي يۇرتقا تارالدى. كوماراجىۋا 20 يېشىدا ئوردىدا پەرھىز تۇتۇپ ۋىمالاكشادىن «سارۋاستىۋادا ۋىنايا»نى ئۆگەندى. ئانىسى ئەنەتكەككە كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا كۇسەن ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ قالدى. كوماراجىۋا ئىبادەتخانا يېنىدىكى كونا ئوردىدىن «پراجنىيا سۇترا» (نۇرلۇق نوم)نى تاپقاندىن كېيىن، ماھايانا نوملىرىنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ،غەربىي يۇرت بويىچە ھىنايانا بۇددىزمى نوملىرىنىمۇ، ماھايانا بۇددىزمى نوملىرىنىمۇ تولۇق بىلىدىغان، قەدىمكى ئىشلاردىنمۇ، ئۆز زامانىدىكى ئىشلاردىنمۇ خەۋەردار بولغان دانىشمەن راھىب بولۇپ قالدى.

كوماراجىۋا ياشىغان دەۋر دەل جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنمە ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان مالىمان دەۋر ئىدى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ سەردارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا پادىشاھ بولۇشىغا نەزەرىيە جەھەتتە ئاساس تېپىش ئۈچۈن، بۇددا نوملىرىغا ئىلتىجا قىلاتتى. شۇڭا ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ خانى فۇ جيەن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەييۈەن 7 - يىلى (382 - يىلى) 9 - ئايدا شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى لۇ گۇاڭ بىلەن لىڭجياڭ سانغۇنى جياڭ فېينى 70 مىڭ لەشكەر، 5000 چەۋەندازنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەندە، كوماراجىۋانى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لۇ گۇاڭ كوماراجىۋانى تاپقاندىن كېيىن، كۇسەن پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلدى. تەييۈەن 9 - يىلى (384 - يىلى) لۇ گۇاڭ قوشۇنىنى باشلاپ كوماراجىۋانى مەجبۇرلاپ شەرققە ئېلىپ قايتتى. يول ئۈستىدە لۇ گۇاڭ قوشۇنىنى تاغ باغرىغا ئورۇنلاشتۇردى، كوماراجىۋا قوشۇننى بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە يۆتكەشنى تەكلىپ قىلسا، لۇ گۇاڭ قوبۇل قىلمىدى. كېچىدە تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ، قوشۇن كەلكۈن ئاستىدا قېلىپ نەچچە مىڭ لەشكەر ئۆلدى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن لۇ گۇاڭ كوماراجىۋانى قەدىرلەشكە باشلىدى. لۇ گۇاڭ قوشۇنىنى باشلاپ لياڭجۇ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي رايونى)غا يېتىپ كەلگەندە، فۇ جيەنىنىڭ ياۋ چاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خېشى رايونىدا بۆلۈنمە پەيدا قىلىپ، ئۆزى خان بولدى. كوماراجىۋامۇ ئۇنىڭ بىلەن لياڭجۇدا قېلىپ قالدى ۋە شاگىرتلىرىدىن راھىب سىڭجاۋ قاتارلىق كىشىلەرنى تەشكىللەپ نوم تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

لۇگۇەن 5 - يىلى (401 - يىلى) كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ خانى ياۋ شىڭ لۇ گۇاڭنىڭ ئوغلى لۇ لۇڭنى جازالاش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى. لۇ لۇڭ تەسلىم بولغاندىن كېيىن كوماراجىۋا ياۋ شىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شۇ يىلى 12 - ئايدا چاڭئەنگە كەلدى. ياۋ شىڭ ئۇنى ئۆزى چىقىپ كۈتۈۋېلىپ ۋە دۆلەت ئۇستازى قاتارىدا كۆرۈپ، ۋېيشۈي دەرياسى بويىدىكى راھەتباغقا ئورۇنلاشتۇردى. كوماراجىۋا شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا ياۋ شىڭنىڭ قوللىشى بىلەن نەچچە يۈز شاگىرتنى يېتەكلەپ، «ئۇلۇغ پراجنا سۇترا» ، «ساددارما» ،

www.uyghurkitap.com

«ۋىمالاكىرتى»، «ئامىتا»، «ۋاجرا» قاتارلىق نوملارنى ۋە «مادىيامىكا شاسترا»، «شاتا شاسترا»، «ئون ئىككى شاسترا»، «ماھاپىراجنا پاراستا شاسترا»، «سادىياسىددى شاسترا» قاتارلىق 74 قىسىم، 384 جىلد شاسترانى تەرجىمە قىلىپ چىقتى.

كۇماراجىۋانىڭ بىلىم دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئۆگەنگەن قاتتىق تەلەپچان ئىدى، ئۇ سانسكرىت تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل بىلەتتى. ئۇ ماھايانا بۇددىزمىنىڭ مۇھىم نوملىرىنى تەرجىمە قىلغاندا، ھەربىر تېپىسلاتلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، «باشقىلار بىلەن تېپىسلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ»، جۈملىلەرنى قايتا-قايتا دەڭسەپ، چوڭقۇر باش قاتۇراتتى. ئۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىدىن كېچىپ، مەنەن تەرجىمە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، «راۋان» ئىپادىلەش ئۈچۈن تىرىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلى مەنىنى قاچۇرۇپ قويماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، «توغرا» ئىپادىلەش ئۈچۈن تىرىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەرجىمە قىلغان نوم-شاسترالارنىڭ جۈملىلىرى راۋان، مەنىسى ئېنىق بولۇپ، ھەم توغرا بولۇش، ھەم راۋان بولۇش تەلىپىگە يەتكەنىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ خەنزۇچە بىلەن سانسكرىتچە بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر خىل يېڭى ژانىر، يېڭى ئۇسلۇبنى ياراتقانىدى.

كۇماراجىۋا بۇددا نوملىرى تەتقىقاتىغا دائىر «چىن ھالەت توغرىسىدا»، «شەرئىي ۋىمالاكىرتى»، «ۋاجرا سۇتراسىغا تېپسىر» قاتارلىق نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يازدى.

كۇماراجىۋا نەزمە يېزىشقىمۇ ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ «شىرامانا فاخىگە بېغىشلاپ»، «خۇيىيۈەنگە مەدھىيە» قاتارلىق نەزمىلىرى جاھانغا تارالدى.

كۇماراجىۋا ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلارغا ۋە يىراق-يىراقلاردىن تەلىم ئېلىشقا كەلگەنلەرگە يول-يولىدا ماھىرلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلاتتى ۋە سەممىي، قىزغىن مۇئامىلىدە بولاتتى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ چوڭقۇر بىلىملىك نۇرغۇن راھىبلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داۋ گۇاڭ، سېڭ جاۋ، داۋ رۇڭ، سېڭ رۇي قاتارلىق تۆت كىشى «تۆت ئەۋلىيا» دەپ ئاتالدى. كېيىن كىشىلەر ئۇلارغا داۋ پېڭ، سېڭ يېڭ، خۇي يەن، خۇي گۇەن قاتارلىق تۆت كىشىنى قوشۇپ، «سەككىز دانىشمەن» دەپ ئاتىدى. كۇماراجىۋادىن تەلىم ئالغانلار 5000دىن ئاشتى.

كۇماراجىۋا يېشى 9-يىلى (413-يىلى، يەنە بىر ئېيتىشلاردا، يېشى 5-يىلى) چاڭئەندە ۋاپات بولدى.

## تونيابغۇ قاغان

تونيابغۇ قاغان (؟~628)، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ بۈيۈك قاغانى، شېئىر قاغاننىڭ ئىنىسى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دايې 11-يىلى (615-يىلى) شېئىر قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تونيابغۇ قاغان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

تونيابغۇ قاغان باتۇر ھەم زېرەك ئادەم ئىدى، ئۇ شەرقتىكى تېلىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئىشبارانىڭ نەۋرىسى ئىنانى سىرتاردۇش قەبىلىسىنى باشلاپ ئالتۇنتاغ (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى)دىن ئۆتۈپ، شەرقىي تۈرك خانلىقى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، ئىللىك قاغانغا بېقىنىشقا مەجبۇر قىلدى؛ تېلىلارنىڭ چۇبە قەبىلىسىنى باشتا تەڭرىخانتاغ (بۈگۈنكى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا تېغى) ئەتراپىدىن كىنگىتقا كۆچۈشكە، ئاندىن كىنگىتتىن ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىگە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقى ئاستىغا ئالدى. تونيابغۇ قاغان غەربتە پىرسىيىگە، جەنۇبتا كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنى غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقى غەربىي يۇرتنىڭ زومىگەرىگە ئايلاندى. تونيابغۇ قاغان غەربىي يۇرتقا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، بارگاھىنى شەرقتىكى يۇلتۇز يايلىقى (بۈگۈنكى قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقى)دىكى ئاقتاغنىڭ غەربىدىن سۈيئاب (بۈگۈنكى قىرغىزىستاننىڭ توقماق) ئەتراپىدىكى مىڭبۇلاققا كۆچۈردى. ئۇ غەربىي يۇرتتىكى ئۆزىگە قاراشلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا «ئالىپ

ئېلتەبىر» دەپ ئاتاق بەردى ھەمدە يېقىنلىرىنى ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق تۇدۇن (تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامى)لۇققا تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئۆز ۋاقتىدا ئولپان ئېلىپ تۇردى.

تاڭ سۇلالىسى گاۋزۇ سەلتەنىتىنىڭ جېنگو 1 - يىلى تونيابغۇ قاغان ئىچكىرىگە ئۈزلۈكسىز ئەلچى ئەۋەتىپ، تۆگەقۇش، تۆگەقۇش تۇخۇمى، شىر تېرىسى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى تارتۇق قىلدى. ۋۇدې 8 - يىلى (625 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىدىن مەلىكىنى خوتۇنلۇققا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭگاۋزۇ گاۋپىڭنىڭ تۆرەبېگى لى داۋلىنى غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. لى داۋلى گاۋزۇ خاننىڭ جىيەنى ئىدى. تونيابغۇ قاغان تاڭ شاھزادىسىنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە گاۋزۇ خاننىڭ قۇدىلىشىشقا ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە لى داۋلىنى ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. تونيابغۇ قاغان يېقىن تۇغقىنى ئىدۇگ تونئېگىننى مىڭ دانە ياقۇت كۆزلۈك كەمەر، ئالتۇن كەمەر ۋە 5000 تۇياق ئارغىماق تارتۇق ئېلىپ، مەلىكىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن لى داۋلى بىلەن بىللە تاڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتتى. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىلىك قاغانى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن بىرلىشىۋالسا ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىدىن قورقۇپ، بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، تونيابغۇ قاغانغا: «تاڭ مەلىكىسىنى ئەمرىڭگە ئالىدىكەنسەن، ئۇ چوقۇم مېنىڭ زېمىنىمدىن ئۆتىدۇ، ئۇ چاغدا مەن مەلىكىنى تۇتۇپ قالىمەن، قېنى قانداق قىلىدىكەنسەن بىر كۆرەي» دېدى. تونيابغۇ قاغان ئامالسىز قېلىپ، توينى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

جېنگۇەن 2 - يىلى(628 - يىلى) شۈەنزاڭ نوم ئېلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە سۈيئاب يېنىدىكى مىڭبۇلاققا كەلگەندە، ئىدىقۇت خانى كۈبىنتاينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تونيابغۇ قاغاننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى.

شۇ يىلى دۆلەت كۈچى قۇدرەت تاپقاچقا تونيابغۇ قاغان تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، قول ئاستىدىكى تېلى قەبىلىلىرىگە تولىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تېلى قەبىلىلىرى كەينى - كەينىدىن قوزغىلىپ كۈرەشكە ئاتلاندى. تونيابغۇ قاغاننىڭ تاغىسى باغادۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ، تونيابغۇ قاغاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى.

## ئاشناشىر

ئاشناشىر (604~655)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى، شەرقىي تۈرك قاغانى چۇلۇقنىڭ 2 - ئوغلى. چۇلۇق قاغان ئۆلۈپ تەختكە ئىنىسى دۇبى ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن ئاشناشىر توققۇز تېلىلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىنى باشقۇرىدىغان تۇتۇقشاد بولدى.

ئىلىك قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىغا ھەر يىلى پاراكەندىچىلىك سېلىپ، توققۇز تېلىلاردىن توختىماي ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى چىدىغۇسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. جېنگۇەن 1 - يىلى (627 - يىلى) سىرتاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىلىك قاغاننىڭ ئوغلى يوقۇقشادنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئاشناشىر قوشۇن تارتىپ ياردەمگە كېلىپ، ئۇمۇ مەغلۇپ بولۇپ، غەربتە ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ قاغان بۇدسار شەھىرى (بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسى)گە قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

جېنگۇەن 8 - يىلى (634 - يىلى) غەربىي تۈركلەردىن توغلۇق قاغاننىڭ ئىنىسى ئۇنىڭ بىلەن دۆلەت زېمىنىنى تالىشىپ قالدى، ئاشناشىر يالغاندىن تەسلىم بولغان بولۇۋېلىپ، قوشۇنىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ يېرىم زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، لەشكىرىي كۈچىنى 100 مىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۆزىنى دابۇ قاغان دەپ جاكارلىدى. بۇ چاغدا سىرتاردۇشلار قۇدرەت تېپىپ، سەردارى ئىنانىنى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ قاغانى

قىلىپ تىكلەپ، سىرتاردۇش خانلىقىنى قۇرغانىدى. ئاشناشىر قول ئاستىدىكىلەرگە: «ھەممىدىن ئاۋۋال غەلىيان كۆتۈرۈپ دۆلىتىمىزنىڭ ھالاك بولۇشىغا زامىن بولغانلار ئاشۇ سىرتاردۇشلار. ئەمدى مەن غەربتە دۆلەت قۇردۇم، ئەگەر مەن سىرتاردۇشلارنى يوقاتمىسام ئىلگىرىكى نومۇسنى ئۇنتۇپ قالغان بولمامدىمەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 50مىڭ خىل لەشكەر بىلەن شەرقتىكى سىرتاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ بولدى. يۇرتىنى سېغىنغان تۈرك سەركەردە-لەشكەرلىرى كەينى-كەينىدىن قېچىشقا باشلىدى. سىرتاردۇشلار ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئاشناشىرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئاشناشىر قېپقالغان بىر تۈمەنچە ئادىمىنى باشلاپ ئىدىقۇت دۆلىتىگە قېچىپ كەلدى. غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئاشناشىر غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنىدا پۇت تىرەپ تۇرالماي تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. تاڭ خانى تەيزۇڭ ئاشناشىرنىڭ قوشۇنىنى لىڭجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشناشىرنى سول قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ ھەمدە ئۇنىڭغا مەلىكە خېنىڭ ياڭچاڭنى ياتلىق قىلىپ ۋە كوراگان تۇتۇق ئوتۇغاتى بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق تاڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى قىلدى.

جېنگۇەن 14-يىلى (640-يىلى) ئاشناشىر يارغول يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغلۇقىغا تەيىنلىنىپ، خۇ جۈنجى بىلەن بىللە كېلىپ ئىدىقۇت دۆلىتىنى تىنچىتتى. كەلگەن سانغۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۈلۈشتىن ئولجىغا ئېرىشتى، پەقەت ئاشناشىرلا ھېچنەرسە ئالمىدى. كېيىن تاڭتەيزۇڭ چۈشۈرگەن يارلىقنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى قوبۇل قىلدى، شۇنداقتىمۇ پەقەت قېرى، ئاجىز-ئورۇق قۇللار ۋە كونا نەرسىلەرنىلا تاللاپ ئالدى. تاڭتەيزۇڭ ئۇنىڭ پاك-دىيانەتلىك پەزىلىتىنى ماختىدى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئىدىقۇت زۇلپىقارى، مىڭ توپ ھەرخىل گەزمال ئىنئام قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا يىتۇك ئەركانبەگ دەپ ئوتۇغات بەردى.

جېنگۇەن 19-يىلى (645-يىلى) تاڭتەيزۇڭ ئۆزى بىۋاستە كورىيىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئاشناشىر قوشۇن باشلاپ بىللە باردى. ئۇ تۆھپىسى بەدىلىگە ھۆدەيچىلىككە ئۆستۈرۈلدى.

جېنگۇەن 21-يىلى (647-يىلى) كۇسەن خانى خاربۇسپا غەربىي تۈركلەرنىڭ چىگىل، چۇمۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئاتامانلىرى ۋە كىنگىت بېگى سىپائاناچلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، قوشنا ئەللەرگە پاراكەندىچىلىك سالدى. تاڭتەيزۇڭ ئاشناشىرنى قۇنچۇ يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغى قىلىپ، تېلىلارنىڭ ئون ئۈچ ئايماق قوشۇنى ۋە خىللانغان يۈز مىڭ تۈرك چەۋەندازغا قوماندانلىق قىلىپ، كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. تاڭ قوشۇنى باشتا چىگىل، چۇمۇل قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن كىنگىت بېگى سىپائاناچنى ئۆلتۈردى، كېيىن كىنگىتتىن داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇيرغۇل ئايماق بېگى خەن ۋېي مىڭ چەۋەندازدىن تەركىب تاپقان ئاۋانگارد قوشۇننى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى، ئوڭ قول شىرمەت مۇھاپىزەتچى سانغۇن ساۋ جىشۇ ياردەمچى قوشۇن باشلاپ ئارقىدىن ماڭدى، ئۇلار ئىلگىرىلەپ دوخې شەھىرىگە كەلگەندە، كۇسەن خانى خاربۇسپانىڭ 50مىڭ لەشكەر بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇچرىدى. خەن ۋېي بىلەن ساۋ جىشۇ جان تىكىپ جەڭ قىلىپ، ئاز لەشكىرى كۆپ لەشكىرى كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، خاربۇسپا يىلولۇ شەھىرىگە چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى. ئاشناشىرنىڭ قوشۇنى جىددىي قوغلاپ كېلىپ، يىلولۇ شەھىرىنى تېز قولغا ئالدى. خاربۇسپا بارخانبالىق (بۆگۈنكى ئاقسۇ شەھىرى)گە چېكىندى، ئاشناشىر قوشۇن باشلاپ كېلىپ شەھەرنى 40 نەچچە كۈن مۇھاسىرە قىلىپ ئاخىر ئېلىپ، خاربۇسپانى تىرىك تۇتتى. شۇ قېتىمقى جەڭدە تاڭ قوشۇنى بەش شەھەرنى ئالدى، قالغان 70 نەچچە شەھەر ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولدى. ئاشناشىر ئالاھىدە تۆھپە كۆرسىتىپ زەپەر قۇچۇپ قايتتى، ئۇ شۇ تۆھپىسى بەدىلىگە ئوڭ قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇڭخۇېي 6 ـ يىلى (655 ـ يىلى) ئاشناشىر ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ جەسىتى جاۋلىڭ قەبرىستانلىقى (تاڭتەيزۇڭنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنى)غا دەپنە قىلىندى.

## ئاشنا قۇلى

ئاشنا قۇلى (?~659)، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ بۇزرۇكۋارى ئىستەمى قاغاننىڭ 5 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى، ئىل بىلگەشاد شېئىر تېلىنىڭ ئوغلى.

جېنگۇەن 14 ـ يىلى (642 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئىدىقۇتنى بىرلىككە كەلتۈردى، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ يابغۇسى ئاشنا بۇكىن مىڭ چاقىرىملىق زېمىننى ھەدىيە قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇ ھەدىيە قىلغان زېمىندا بېشبالىق ئايمىقى (بۈگۈنكى مورى ناھىيىسىدىن ماناس ناھىيىسىگىچە)نى قۇردى. ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان ئاشنا قۇلىنى يابغۇ قىلدى، ئاشنا قۇلى تالاس سۇ (بۈگۈنكى ئېمىل دەرياسى ۋادىسى)دا چارۋىچىلىق قىلىپ، تۈركلەرنىڭ چىگىل، چۇمۇل، قوسۇ، قارلۇق قاتارلىق بەش نۇرسادپۇت قەبىلىسىنى بىرتۇتاش باشقۇردى.

جېنگۇەن 16 ـ يىلى (642 ـ يىلى) ئىل بىلگە شېئىر قاغان ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغانغا تېگىش قىلدى، ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان يېڭىلىپ تۇخارىستانغا قېچىپ كەتتى. ئىل بىلگە شېئىر قاغان يەنە قوشۇن تارتىپ ئاشنا قۇلىنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى، ئاشنا قۇلى تەڭ كېلەلمەي، جېنگۇەن 22 ـ يىلى (649 ـ يىلى) ئەتىيازدا بېشبالىققا قېچىپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنى سول قول ھىماتچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەبىلىلىرىنى باشلاپ بېشبالىق تەۋەسىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلدى.

شۇ يىلى ئاشنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چاڭئەنگە بېرىپ، تاڭ قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى بولۇپ بەرسەم، دەپ تەلەپ قىلدى. تاڭتەيزۇڭ ئاشنا قۇلىنى قۇنچۇ يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى قەبىلىسىنى باشلاپ، ئاشناشىر بىلەن بىللە بېرىپ كۇسەننى تىنچىتىشقا بۇيرۇدى. 12 ـ ئايدا ئاشنا قۇلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن نىۋار ئىشبارا قاغان دېگەن ئۇنۋاننى ئېلىپ، بۇيرۇققا بىنائەن غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلدى .

جېنگۇەن 23 ـ يىلى (649 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسى بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاشنا قۇلىنى تۇتۇقلۇققا تەيىنلىدى، ئاشنا قۇلى تۈرك ۋە خەنزۇ قوشۇنىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، بېشبالىقنىڭ باغا شەھىرى(بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ غەربى)نى ساقلايدىغان، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى.

يۇڭخۇېي 2 ـ يىلى (650 ـ يىلى) باش ئەتىيازدا ئاشنا قۇلى ئوغلى زىيۇن بىلەن بىللە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىل بىلگە شېئىر قاغان ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ جاكارلىدى ۋە قاش دەرياسى ۋادىسى (بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرى ئەتراپى) بىلەن مىڭبۇلاق (سۇيئاب شەھىرىگە يىراق بولمىغان جاي، بۈگۈنكى قىرغىزىستاننىڭ توقماق شەھىرى ئەتراپى)دا بارگاھ قۇرۇپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بولۇۋالدى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

شۇ يىلى كۈزدە ئاشنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، شەرقتىكى بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، بىربالىخ (بۈگۈنكى مورى ناھىيىسى) بىلەن ئۈرۈمتاي (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرى)نى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى سول قانات مۇھاپىزەتچىلەر ئولۇغ سانغۇنى ليياڭ جيەنفاڭ بىلەن ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سەركەردىسى چۆبە قالىنى كۆنەس يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇلارنى ئۈچ تۈمەن كىشىلىك خەنزۇ قوشۇنى بىلەن بەش تۈمەن كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ، غەربىي تۈرك خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن يېتىپ كېلىپ، چىگىل، چۇمۇل

قاتارلىق قەبىلىلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

شىيەنچىڭ 1 ـ يىلى (656 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى چېڭ جىجېينى كۆكئارت يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغى، ۋاڭ ۋېندۇنى ئورۇنباسار باش بۇغى قىلىپ، ئۇلارنى جۇ جىدۇ، سۇ دىڭفاڭ قاتارلىق سەركەردىلەرنى باشلاپ، غەربىي تۈرك خانلىقىغا يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. چېڭ جىجيې قارلۇق قەبىلىسىنى تەگرىتاغنىڭ مۇيۇ جىلغىسى (بوگۇنكى فۇكاڭ تەۋەسى)دا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، جۇ جىدۇ تۈركەش، چۇمكۇن قەبىلىلىرى ساقلاۋاتقان ئامىل بالىغ (بوگۇنكى ماناس ناھىيىسى)نى ئالدى، سۇ دىڭفاڭ خىللانغان 500 چەۋەنداز بىلەن يۇلتۇز يايلىقى (بوگۇنكى قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقى)دا غەربىي تۈركلەرنىڭ تۆت تۇمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

شىيەنچىڭ 2 ـ يىلى (657 ـ يىلى) باش ئەتىيازدا تاڭ سۇلالىسى يەنە سۇ دىڭفاڭنى ئىلى يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغى قىلىپ، ئۇنى رىن ياشياڭ، شياۋ سىيې قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇر سەردارى باياننىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ، غەربىي تۈرك خانلىقىغا شىمالىي يولدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. تاڭ قوشۇنى چۇمكۇن قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، قارا ئېرتىش (بوگۇنكى ئېرتىش دەرياسى)نىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاشىنا قۇلى ئۆزى بىۋاستە 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى باشلاپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، بىراق تەڭ كېلەلمەي بەدەر قاچتى. تاڭ قوشۇنى توختىماي قوغلاپ غارسۇ (بوگۇنكى ئېمىل دەرياسى ۋادىسى)غا كەلگەندە، ھاۋا ئۆزگىرىپ قاتتىق قار يېغىپ كەتتى، تاڭ قوشۇنى تىزغا كەلگۈدەك قېلىن قار كېچىپ ئىلگىرىلەپ، قاش دەرياسىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاشىنا قۇلىنىڭ بارگاھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. ئاشىنا قۇلى شاش بالىققا قاچتى. سۇ دىڭفاڭ شياۋ سىيېنى ئاخىرغىچە قوغلاشقا بۇيرۇدى. ئاشىنا قۇلى سۇتو شەھىرىگە قېچىپ بارغاندا، شەھەر بېگى ئىنالخان ئۇنى ئالداپ تۇتۇپ، تاڭ قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا ئاپىرىپ بەردى. ئاشىنا قۇلى شياۋ سىيېگە: «مەن ئەسلى بىر سەرگەردان ئىدىم، مەرھۇم خانىمىز مېنى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ ئەتىۋارلىدى، مەن بولسام ئۇنىڭ تۈزىنى يەپ تۇزلۇقىنى چېقىپ ئاسىيلىق قىلدىم، ھالا بوگۇن مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشتۈم، ماڭا خوپ بولدى. ئاڭلىسام ئوردا ئادەم قەتلى قىلسا چوقۇم جازا مەيدانىدا ئىجرا قىلىدىكەن، ماڭا جاۋلىڭ قەبرىسى (تاڭتەيزۇڭنىڭ قەبرىسى) ئالدىدا جازا بېرىلسە، بۇ مەرھۇم خانىمىزدىن ئەپۇ سورىغىنىم بولۇپ قالسا» دېدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئاشىنا قۇلى چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىندى، جاۋلىڭ قەبرىستانلىقى ئالدىدا ئەسىر تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، تاڭگاۋزۇڭ ئاشىنا قۇلىنى كەچۈرۈم قىلىپ چاڭئەندە قالدۇرۇپ قالدى. ئاشىنا قۇلى ئۇزاققا بارماي ئەپسۇسلۇق ۋە نادامەت ئىچىدە كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

غەربىي تۈرك خانلىقى 70 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ ئاخىر ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاك بولدى.

## ئاشنامىش

ئاشىنامىش (؟~662)، يەنە بىر ئىسمى نىشۇ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ بۇزرۇكۋارى ئىستەمى قاغاننىڭ 5 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى، باغاشادنىڭ ئوغلى، ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى.

ئىس يابغۇ قاغان ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوشۇن تارتىپ باغادۇر قاغانغا ھۇجۇم قىلدى، باغادۇر مەغلۇپ بولۇپ ئالتاي تېغىغا قېچىپ بارغاندا، ئاشىنامىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىس يابغۇ قاغان ئاشىنامىشنى باغادۇر يابغۇ قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش نۇرسادپۇت قەبىلىسىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

تولمۇ گۇمانخور ئىس يابغۇ قاغان ئاشنامىشنىڭ ئابرويىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى پەملەپ، جېنگۈەن 6 ـ يىلى (632 ـ يىلى) قوشۇن چىقىرىپ ئاشىنامىشقا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاشنامىش كىنگىتقا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بەش نۇرسادپۇتلارنىڭ ئىككى قەبىلىسى قوشۇن چىقىرىپ ئىس يابغۇ قاغانغا قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىس يابغۇ قاغان مەغلۇپ بولۇپ سۇغدىيانا (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند ئەتراپى)غا قېچىپ كەتتى ۋە ئۇزاققا بارماي كېسەل بولۇپ ئۆلدى. غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى ئاشىنامىشنى تۇغلۇق قاغان قىلىپ تىكلىدى. تاڭتەيزۇڭ ھۆدەيچى ليۇ شەنيىننى ئەۋەتىپ، ئاشىنامىشقا ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان دېگەن ئۇنۇۋاننى بەردى. ئاشىنامىشنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئۆزى قاغان بولۇش نىيىتىدە، قوشۇن چىقىرىپ ئاشىنامىشقا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. ئاشىنامىش تەڭ كېلەلمەي، جېنگۇەن 13 - يىلى (639 - يىلى) قەۋمىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. تاڭتەيزۇڭ ئاشىنامىشنى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى.

ئاشىنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرىگەندە، لياڭ جيەنفاڭ، چېڭ جىجيېلار ئىككى قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇرالمىدى. شيەنچىڭ 2 - يىلى (657 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى سۇ دىڭفاڭنى ئىلى يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغى قىلىپ، شىمالىي يولدىن يۈرۈش قىلىشقا سالدى؛ ئاشىنامىشنى كىنگىت سىلاۋچىبېگى قىلىپ، جەنۇبىي يولدىن يۈرۈش قىلىشقا سالدى. ئاشىنامىش قوشۇن باشلاپ قۇجۇ (بۈگۈنكى تۇرپان)دىن چىقىپ، كىنگىت ئارقىلىق يۇلتۇز يايلىقىغا كەلگەندە، بەش نۇرسادپۇت قەبىلىلىرى دەرھال ئەل بولدى. ئاشىنامىش قاش دەرياسى ۋادىسىغا ئوگۇشلۇق يېتىپ بېرىپ، سۇ دىڭفاڭنىڭ شىمالىي يول قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاشىنا قۇلىنىڭ ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئاشىنا قۇلى مەغلۇپ بولۇپ شاش بالىققا قاچتى. تاڭتەيزۇڭ ئاشىنامىشقا خاراپ ئەلنى گۈللەندۈرگۈچى قاغان دېگەن ئۇنۇۋاننى بېرىپ، ئۇنى ئىسسىقكۆل قورۇقچىبەگلىكىگە تەيىنلەپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۇغلۇقلار قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغاننىڭ ئوغلى تاردۇش يابغۇ ئاشىنامىشنىڭ ئىسسىقكۆل قورۇقچىبېگى بولغىنىغا قايىل بولماي، شيەنچىڭ 4 - يىلى (659 - يىلى) قوشۇن تارتىپ قاش دەرياسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاشىنامىش قەۋمىنى باشلاپ ئېلىشىپ، تاردۇش يابغۇنى ئۆلتۈردى.

لۇڭسۇ 2 - يىلى (662 - يىلى) كۇسەن دۆلىتىدە غەليان كۆتۈرۈلدى، تاڭ سۇلالىسى سۇ خەيجېڭنى شۇخەي يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بۇغى قىلىپ كۇسەنگە يولغا سالدى، يەنە ئاشىنامىش بىلەن ئاشىنا بۇكىنغا لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاشىنا بۇكىن ئەزەلدىن ئاشىنامىش بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتاتتى، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۇ خەيجېڭغا: «ئاشىنامىش ئاسىيلىق قىلىش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دەپ چېقىشتۇردى. سۇ خەيجېڭ باشلاپ كەلگەن تاڭ قوشۇنى نەچچە مىڭ كىشىلىكلا قوشۇن ئىدى، ئۇ ئاشىنامىش ئاسىيلىق قىلسا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، سەركەردىلىرىنى يىغىپ: «مۇبادا ئاشىنامىش راستىنلا شۇنداق قىلىپ قالسا، بىرىمىزمۇ تىرىك قايتىپ كېتەلمەيمىز، بىز ئاۋۋال قول سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمىز تۈزۈك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ خەيجېڭ يالغاندىن يارلىق يەتكۈزگەن بولۇپ، تەڭرىقۇت ماڭا نەچچە تۈمەن توپ تاۋار ئېلىپ بېرىپ، قاغان بىلەن قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئىنئام قىلىشنى تاپشۇردى، دېدى. ئاشىنامىش راست دەپ ئىشىنىپ قېلىپ، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى باشلاپ ئىنئام ئېلىشقا كەلدى. سۇ خەيجېڭ ئاق - قارىنى ئايرىپ ئولتۇرماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئاشىنامىشنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ئۆچمەنلىكى قوزغالدى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىدىن يىراقلىشىپ، تۈبۈتلەرگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۈزلۈكسىز دۈشمەنلەشتى.

## بايان

بايان (؟~661)، ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى.

جېنگۇەن 22 - يىلى (648 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى، دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى تۇمىد جيەن ئوغلى ئۇغۇ تەرىپىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈلدى، يەنرەن قورۇقچىبىگى يۈەن لىچىن ئۇغۇنى ئالداپ ئۆلتۈردى. تاڭتەيزۇڭ لەشكىرىي پىرقە دىۋان بېگى سۈي دۆنلىنى ئالتاي قوشۇنىنىڭ ياندىش سانغۇنى قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرۇشقا بۇيرۇدى. تۇمدىنىڭ ئوغلى باياغا سول قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، بۈيۈك ئېلتەبىر، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەمتەكچىسى، دەشتى ماكان تۇتۇقى ئۇتۇتۇغاتىنى بەردى.

يۈڭخۇي 2-يىلى (651-يىلى) غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىشبارا قاغانى ئاشىنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، لەشكەر تارتىپ بېشبالىققا پاراكەندىچىلىك سالدى، ئالتۇنبالىق (بوگۇنكى جىمسار ناھىيىسى) بىلەن ئۈرۈمتاي (بوگۇنكى ئۈرۈمچى)نى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى بۈيۈك سەركەردىلەردىن لياڭ جيەنفاڭ، چۈبە قاللارنى ئىككى تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، باياننى ئۇيغۇر ئاتلىق لەشكەرلىرىدىن بەش تۈمەن ئادەم چىقىرىپ، ئاشىنا قۇلغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، بېشبالىققا قاراشلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى.

شيەنچىڭ 2-يىلى (657-يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، بۈيۈك سەركەردىلەردىن سۇ دىڭفاڭ، رېن ياشياڭ، شياۋ سىيىلەر قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، بايان ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە تۈمەن خىللانغان ئاتلىق لەشكىرىنى باشلاپ، ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈش قىلدى. تاڭ قوشۇنى ئالتاي تېغىدىن ھالقىپ، قارا ئېرتىش دەرياسى (بوگۇنكى ئېرتىش دەرياسى)دىن ئۆتكەندە، ئاشىنا قۇلى ئۆزى بىۋاستە يۈز مىڭ ئاتلىق لەشكەر تارتىپ چىقىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. سۇ دىڭفاڭ پىيادە لەشكەرلەرنى ئالدى قوشۇن قىلىپ، ئۇزۇن نەيزىلىرىنى ئالدىغا توغرىلىتىپ، چاسا سەپ تۈزۈپ تۇرغۇزدى؛ ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنى ئارقا قوشۇن قىلىپ، پىيادە لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىكى دۆڭلۈككە ئورۇنلاشتۇردى. ئاشىنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پىيادە قىسمىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپمۇ تاڭ قوشۇننى تەۋرىتەلمىدى. شۇ ئەسنادا باياننىڭ ئۇيغۇر چەۋەندازلىرى دۆڭلۈكتىن ھەيۋەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى، غەربىي تۈركلەر قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئاشىنا قۇلى غەربكە قاراپ بەدەر قاچتى. شۇ چاغدا ھاۋا ئۆزگىرىپ، تېزدىن ئاشقۇدەك قېلىن قار يېغىپ كەتتى. بايان شۇئۇرغانغا قارىماي ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ، ئاشىنا قۇلىنىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي — ئالتۇن چىش تېغى (بوگۇنكى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەڭرىتاغ)غىچە بېرىپ، تاڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە غەربىي تۈركلەرنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى. ئاشىنا قۇلى غەربتىكى شاش بالىق (بوگۇنكى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى ئەتراپى)قا قېچىپ كەتتى. سۇ دىڭفاڭ شياۋ سىيى بىلەن باياننى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق قوغلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى تاڭ قوشۇننى ئېلىپ شەرققە قايتتى. ئاشىنا قۇلى سۇتو شەھىرىگە قېچىپ بارغاندا، شەھەر بېگى ئىنالخان ئۇنى ئالداپ تۇتۇپ، تاڭ بارگاھىغا ئاپىرىپ بەردى. بايان بىلەن شياۋ سىيى ئاشىنا قۇلىنى يالاپ زەپەر قۇچۇپ ئوردىغا قايتتى.

لوڭشو 1-يىلى (661-يىلى) بايان كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

## كۆل بىلگە

كۆل بىلگە (؟~747)، فامىلىسى ياغلاقار، يەنە بىر ئىسمى ئىل بىلگە، ئۇيغۇر سەردارى قوشۇخاننىڭ ئوغلى. قوشۇخان ئۆلگەندىن كېيىن كۆل بىلگە سەردار بولغان.

تيەنباۋ 1-يىلى (742-يىلى) شەرقىي تۈرك خانلىقى مالىمان بولۇپ كەتتى. كۆل بىلگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، قارلۇق ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى، ئۇلار ئۇزمىش قاغان گۈرتاغ يابغۇنى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ سەردارىنى ئىلتىرىش قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئىلتىرىش قاغان كۆل بىلگە بىلەن قارلۇقلارنىڭ سەردارىنى بىرلا ۋاقىتتا سول قول يابغۇ ۋە ئوڭ قول يابغۇ قىلىپ تەيىنلىدى.

تيەنباۋ 2 - يىلى (743 - يىلى) شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قالغان پۇقرالىرى بومىننى قاغانلىققا تىكلىدى. كۆل بىلگە قەبىلىسىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمال تەرەپ ھىراۋۇلى ۋاڭ جۇڭسىغا ماسلىشىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاپا تارقان قاتارلىق 11 قەبىلىسىنى تارمار قىلدى. كۆل بىلگە تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى، تاڭشۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا ساداقەتمەن خان دېگەن ئوتۇغات نامى بەردى.

تيەنباۋ 3 - يىلى (744 - يىلى) كۆل بىلگە قوشۇن تارتىپ باسمىللارنى تارمار قىلىپ، ئىلتىرىش قاغاننى ئۆلتۈردى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە قوشۇن تارتىپ، قارلۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۇلارنى ئۆز قارمىقىغا ئالدى. كۆل بىلگە ئۆزىنى گۈرتاغ بىلگە كۆل قاغان دەپ جاكارلاپ، بارگاھىنى ئۆتۈكەن تېغى (بۈگۈنكى موڭغۇلىيىنىڭ خانگاي تېغىنىڭ شەرقى) بىلەن ئۇرقۇن (ئورخۇن) دەرياسى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

تيەنباۋ 4 - يىلى (745 - يىلى) كۆل بىلگە قوشۇن تارتىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، بومىن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى قولىغا ئالدى. كۆل بىلگە يەنە قارلۇق، باسمىللارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئالدى قوشۇن قىلىپ ھۇجۇمغا سېلىپ، شەرقتىكى قۇمۇق، قىتانلارنى بويسۇندۇرۇپ، زېمىنىنى شەرقتە لياۋدۇڭغىچە، غەربتە ئالتاي تېغىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇبتا سەددىچىننىڭ شىمالىغىچە كېڭەيتتى. كۆل بىلگە تۇنچورداخانىنى ئەلچى قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇردى، تاڭشۈەنزۇڭ كۆل بىلگە بىلگە كۆل سۈيىنگىل قاغان دېگەن ئوتۇغاتنى ۋە سول قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ تاشقى تەرەپ ئۇلۇغ سانغۇنلۇق مەنسىپىنى بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يېڭى ئۇيغۇر قاغان تەختكە چىققاندا، چوقۇم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات نامى بېرىشىدىن ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل تۈزۈم شەكىللەندى.

تيەنباۋ 6 - يىلى (747 - يىلى) كۆل بىلگە قازا قىلدى.

## تۇنباغا خاقان

تۇنباغا (?~789)، فامىلىسى ياغلاقار، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى، تەڭرىخان ئىل تېكىننىڭ تاغىسى.

جىدې 1 - يىلى (756 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ گۈرلىگ قاغانى خىل قوشۇن ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىغا ھەمدەم بولۇپ جەڭ قىلىپ، ئۆگلۈك - سۈيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتتى، تاڭسۇزۇڭ مەلىكە رۇڭگونى گۈرلىگ قاغانغا ياتلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇقلاشتى.

گۈرلىگ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئىل تېكىن ۋارىس بولۇپ، ئۆزىنى تەڭرىقاغان ياكى بۆگۈ قاغان دەپ ئاتىدى. ئىل تېكىن ناھايىتى ياۋۇز ئادەم ئىدى، ئۇ چاڭئەندە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى يول تۇسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا، شۇمپەنلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، پۈتۈن شەھەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، ھەتتا ئوردا قوۋۇقىنىمۇ خاتىرجەم ئاچقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىل تېكىن يەنە ئۆزى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا پاراكەندىچىلىك سالدى، ئاھالىلەرنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىپ، مال - چارۋىلىرىنى بۇلىدى. تۇنباغا بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ئېچىنىپ، ئىل تېكىنگە جىق نەسىھەت قىلىسىمۇ ئۇ قۇلاق سالمىدى.

دالى 14 - يىلى (779 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دەيزۇڭ ئۆلۈپ، تەختكە دېزۇڭ ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھەرەم بېگى لياڭ ۋېنشيۇنى مۇسىبەتنامە يەتكۈزۈش ۋە يارىشىپ قېلىش نىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مەنمەنچى، تەكەببۇر ئىل تېكىن ئەلچىنىڭ ئىززىتىنى قىلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توققۇز غۇزلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كەڭ كۆلەمدە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقچى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولدى. ئۇيغۇر خەلقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىششنى خالىماي، ئىل تېكىننىڭ قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇردى. تۇنباغامۇ ئىل تېكىنگە: «تاڭ سۇلالىسى بۈيۈك دۆلەت، ئۇ ئەزەلدىن بىز ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ باققىنى يوق، بۈگۈنكى كۈندە بىز تاڭنىڭ مۇسىبەتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا تېگىش قىلساق نامەردلىك بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدى. ئىل تېكىن ئۇنى پەرۋايىغا ئالمىدى. تاقەت قاچىسى توشقان تۇنباغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىل تېكىننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى قاغان بولدى ۋە ئۆزىنى «ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىدى.ئۇ لياڭ ۋېنشيۇغا قوشۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىغا قاغانلىقنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. تاڭدېزۇڭ يۈەن شيۇنى پەۋقۇلئاددە ئەلچى قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتىپ، تۇنباغاغا «باتۇرلۇق ۋە مەرتلىكتە نۇسرەت تاپقان قاغان» دېگەن ئۇنۋانات نامىنى بەردى.

تۇنباغا چاڭئەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان تاغىسى تۇدۇنغا چاڭئەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چاتاق چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شىمالغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۇقتۇردى. تۇدۇن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتتى. ئۇلار نەچچە يۈز تۆگە ۋە نەچچە مىڭ ئاتقا يۈز مىڭ توپ تاۋار-دۇردۇن ئارتىپ ماڭدى. بەزى ئاقساقال ۋە سودىگەرلەر يەنە سېتىۋالغان ياكى بۇلىغان خەنزۇ خوتۇن-قىزلىرىنى تاغارغا سولاپ شىمالغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. تۇدۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەددىچىننىڭ چېگرا قورۇلىدىكى مۇھىم بازار جېنۋۇ (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خورىنگېر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى)غا يېتىپ كەلدى. تۇدۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە سانغۇنى جاڭ گۇاڭچېڭنى بىزنى ياخشى كۈتۈۋالمىدىڭلار دەپ، ئۇنىڭ ئورۇنباسارىنى قامچىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. تۇدۇن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تولىسىنى جاڭ گۇاڭچېڭنىڭ سەركەردە-سەرۋازلىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تاڭدېزۇڭ يۈەن شيۇنى ئەلچى قىلىپ، تۇدۇن قاتارلىق تۆت ئاقسۆڭەكنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ، تۇنباغادىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتتى.

يۈەن شيۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، تۇنباغا ئادەم ئەۋەتىپ يۈەن شيۇغا: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە سانغۇنى تاغام بىلەن پۇقرالىرىمنى ئۆلتۈردى، ئېلىمدىكىلەر سىزنى ئۆلتۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇنداق قىلىش ئورۇنلۇق ئەمەس، بۇنداق قىلىش قاننى قان بىلەن يۇغانلىق بولمامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشتىن باشقا نېمە پايدا كەلسۇن؟ شۇڭا مەن ھازىر قاننى سۇ بىلەن يۇيماقچىمەن» دېدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ يۈەن شيۇنى ئامان-ئېسەن يولغا سېلىپ قويدى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

جېنيۈەن 3-يىلى (787-يىلى) تۇنباغا تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن قۇدىلىششنى تەلەپ قىلدى، تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. كېيىنكى يىلى تۇنباغا تاڭ سۇلالىسى تەگىنقۇتىنىڭ كۈيئوغلى بولۇشنى خالاپ قۇللۇق بىلدۈردى ۋە ئۇيغۇر مەلىكىسىنى سوۋغا سۈپىتىدە 2000 ئاتنى ئېلىپ چاي ئېچىرىش ئىشىنى بېجىرىشكە ئەۋەتتى. تاڭدېزۇڭ سەككىزىنچى قىزى مەلىكە شيەنئەننى تۇنباغاغا ياتلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈرلۈك قۇتلۇغ قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بەردى.

تۇنباغا جېنيۈەن 5-يىلى (789-يىلى) كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىر ئەلى

新　疆
地方志

（季刊）

目　录
2008 年第一期
总第八十二期

**顾　问**
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力
**主　编**
地木拉提·木沙
**副主编**
阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力
**编　委**
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

**责任编辑**
甫拉提·伊米提

# 目　录

## 文献辑录
2007 年新疆地方志工作大事记 …………………… 1

## 回忆录
思念第一代维吾尔族将军扎依尔·曹达诺夫 ……………………………… 玛依努尔·哈斯木 8
40 年代阿热勒托别的文艺事业 … 阿布都赛买提 20

## 历史资料
解放前伊犁的电影业 ……………… 哈皮孜萨塔尔 23

## 学术讨论
论于阗国国王尉迟僧乌波（李圣天）的族属问题 ……………………………… 布阿依夏木姑丽·阿吉 27

## 历史人物
娴熟的达瓦孜艺人 ——阿西木阿吉………………………………… 买买提·夏吾东 33

## 文物古迹
上阿图什石头城遗址 ………… 斯拉伊尔·穆提拉 46

## 社会主义新方志
摘自《新疆通志·人物志》…………………… 49

封面：1937 年乌鲁木齐的南门集市
西利甫·呼西塔尔　提供

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

主　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会

编辑出版:《新疆地方志》编辑部

地　址:乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号

印　刷:新疆金版印务有限公司

国内统一刊号 CN65—1128/K—W

电话:4640715　4637126　邮政编码:830063

定价:3.00 元

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

تېلېفون نومۇرى: 4640715　4637126　پوچتا نومۇرى: 830063

باھاسى: 3.00 يۈەن